چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# مەن مۈشۈك

ناسۆمى سوسېكى [ياپونىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: غەيرەت ئابىت

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7-80658-918-X

9 787806 589182 >

ISBN 7 - 80658 - 918 - X

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# مەن مۈشۈك

## ناسۇمى سوسېكى[ ياپونىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر راخمان



**图书在版编目（CIP）数据**

我是猫/(日)夏目漱石著；梅园改编；卡德尔·热合曼译.
—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5
ISBN 7-80658-918-X
Ⅰ.我… Ⅱ.①夏… ②梅… ③卡… Ⅲ.长篇小说—日本—近代—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I313.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第037213号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

## مەن مۈشۈك

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
فورماتى: 787 × 970mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6.5
ISBN 7 - 80658 - 918 - X

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

**责任编辑:** 茹鲜古丽·吐尔逊

**美术编辑:** 阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

**责任校对:** 海米提·阿比提
艾比布拉·艾力

**审　　订:** 亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**我是猫** (维文)

卡德尔·热合曼　译

---

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
开本: 787×970 毫米　1/32　印张:6.5
ISBN 7-80658-918-X

---

定价:7.50元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话:0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ناسۇمى سوسېكى (1867 ـ 1916) 1867 ـ يىلى توكيودا تۇغۇلغان. ناسۇمى سوسېكى تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادىسى ئۇنى باشقىلارنىڭ بېقىۋېلىشىغا بەرگەن، كېيىن يەنە شىئوخاروشىئونىڭ بېقىۋېلىشىغا بېرىۋېتىلگەن. بالىلىق دەۋرىدە، ناسۇمى سوسېكى ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھالدا ھېس قىلىپ باقمىغان.

مېجىنىڭ 17 ـ يىلى (1884 ـ يىل) ناسۇمى سوسېكى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق مەكتىپىگە كىرىپ، تەبىئىي پەن ئوقۇغان، مېجىنىڭ 21 ـ يىلى بىرىنچى ئالىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق مەكتىپى)نىڭ تولۇق كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇپ، ئەنگلىيە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە نىيەت باغلىغان.

ئۇ بىرىنچى ئالىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ماسائوكا كوتاداشى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان ھەم يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان. بۇ چاغدا، ناسۇمى سوسېكى زىگۇيىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە ماقالىلەرنى، خەنزۇچە شېئىرلارنى يازغان، كېيىن بۇلارنى توپلاپ بىر كىتاب قىلىپ «ياغاچ

قىرىندىلىرى توپلىمى» دېگەن نامدا نەشر قىلدۇرغان، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى ئىدى.

مىڭجىنىڭ 23 ـ يىلى، ناسۇمى سوسېكى توكيو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن. مەكتەپتىكى مەزگىلدە ئۇ «لاۋزى پەلسەپىسى»، «باش راھىب ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» دېگەن ئەسەرلەرنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسپىي جەھەتتىكى تەتقىقات ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەنگلىيە، ئامېرىكا شائىرلىرى توغرىسىدا بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالە يازغان.

مىڭجىنىڭ 26 ـ يىلى ئۇ ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي دارىلمۇئەللىمىنىڭ لېكتورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنغان. ئەمما، يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا توكيودىن كېتىپ ماسىياما بېرىپ، ئېھىمى ناھىيىلىك ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان.

ئەينى چاغدا كوتاداشى قىسقا شېئىرلارنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەسىرىدە ناسۇمى سوسېكىنىڭ قىسقا شېئىرلارغا بولغان قىزىقىشى كۈنسېرى كۈچىيىپ، نۇرغۇن قىسقا شېئىرلارنى يازغان. بىرقانچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئۇ قىسقا شېئىرلار ئىجادىيىتىدە تاكاخاماسايوشى، كاتوسايۇ گودو قاتارلىقلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان بولغان.

مىڭجىنىڭ 29 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ناسۇمى سوسېكى كوماموتودىكى بەشىنچى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۇ ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسىنىڭ باش كاتىپى ناكاماتو كازونىڭ چوڭ قىزى سايۇكو بىلەن توي قىلغان. توي قىلىپ بەش يىلدىن كېيىن، ئۇ ئەنگلىيىگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەمدە لوندوندا تۇرغان ئىككى يىلدا باش چۆكۈرۈپ ئەنگلىيە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە پسىخولوگىيە، سوتسىئولوگىيە ئىلمى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان.

مىڭجىنىڭ 36 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ناسۇمى سوسېكى ئەنگلىيىدىن ياپونىيىگە قايتىپ كەلگەن. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا، ئۇ توكيو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورلۇقىغا تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىللار ئىچىدە ناسۇمى سوسېكىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ئىنتايىن بىئاراملىق ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇنىڭ بېقىۋالغان دادىسى شىئوخارو ھەمىشە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر جەھەتتە ئۇنىڭغا يېپىشىۋالغان، ئايالى سايۇكو دائىم تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كونا نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالغاچقا ئۇنى قاتتىق ئازابلىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇ

چۈشكۈنلىشىپ، قايغۇ ـ ھەسرەتكە پېتىپ قالغان، ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، بۇ دەردلەردىن زادىلا قۇتۇلالمىغان.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بۇ جەرياندىكى بەش ـ ئالتە يىلدا يېزىقچىلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىرقانچە رومان يازغان ھەمدە لوندوندىكى بىرقانچە يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسەن، «ئەدەبىيات توغرىسىدا» (1907 ـ يىل)، «ئەدەبىي ئوبزورلار» (1909 ـ يىل) دېگەن بىرقانچە يۇزمىلىك خەتلىك ئىككى چوڭ ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

مىگجىنىڭ 40 ـ يىلى، ناسۇمى سوسېكى توكيو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، «كۈندىلىك خەۋەرلەر» گېزىتى ئىدارىسىگە كىرىپ كەسپىي يازغۇچى بولۇشقا بەل باغلىغان. ئۇنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

مىگجىنىڭ 43 ـ يىلى، ناسۇمى سوسېكى ئېغىر ئاشقازان يارىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ناھايىتى كۆپ قان قۇسۇپ ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغان. بۇ ئېغىر كېسەلنىڭ ئۇنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشى، سەنئەت قارىشىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىشانىنىڭ بۇرۇلۇشىدىكى بىر چوڭ سەۋەب بولۇپ قالغان.

داجېڭنىڭ 5 ـ يىلى ناسۇمى سوسېكىنىڭ ئاشقا-
زان يارىسى كېسىلى جىددىي قوزغىلىپ، داۋالاش ئۈنۈم
بەرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

# 1

مەن بىر مۈشۈك، هازىرغىچە تېخى ئىسمىم يوق.

مەن نەدە تۇغۇلغان، بۇنى تاكى هازىرغىچە ئېنىق-لىيالمىدىم، ئۇ يەرنىڭ پەقەت قاراڭغۇ، زەي بىر جايدەك ئىكەنلىكى، ئۆزۈمنىڭ «مىياۋ، مىياۋ» دەپ يىغلىغان-لىقىم ئېسىمدە. مەن ئۇ يەردە تۇنجى قېتىم ئادەم دېگەن بۇ غەلىتە مەخلۇقنى كۆردۈم. كېيىن ئاڭلىسام، مەن تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئۇ ئادەم بىر راهىپ، ئىنسانلار-نىڭ ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ قوپال بىر خىلى ئىكەن. ئاڭ-لىسام، ئاشۇ راهىپلار ھەمىشە بىزنى تۇتۇۋېلىپ پىشۇ-رۇپ يەيدىكەن. ئەمما، مەن ئۇ چاغدا ھېچ ئىشنى بىل-مەيتتىم، قورقۇش دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىل-مەيتتىم. پەقەت، ئالىقىنىغا قويۇپ شۇنداقلا بىر كۆتۈرگەندە پۇلاڭشىپ كەتكەندەك بولدۇم. مەن ئۇ راهىپنىڭ ئالىقىنىدا سەل تىنچلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆردۈم. بۇ ئېھتىمال مەن بۇ دۇنياغا تۆرەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئادەم دېگەن مەخلۇق بولسا كېرەك. مەن شۇ چاغدا، ئادەم دېگەن ھەقىقەتەن غەلىتە نەرسىكەن، دەپ ئويلىدىم. تاكى

هازىرغا قەدەر بۇنداق سېزىم خاتىرەمدە چوڭقۇر ساقلانماقتا. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇنىڭ ئەسلىدە ئۇششاق تۈكلەر بىلەن قاپلىنىپ كېتىشى تېگىشلىك بولغان يۈزى سىپسىلىق، پارقىراق، خۇددى چاي قاينىتىدىغان مىس چەينەككىلا ئوخشايتتى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قارا كاماردىن توختىماستىن پۈرقىراپ ئىس چىقىپ، نەپەسىم قىسىلىپ زادىلا چىدىيالماي قالدىم. تېخى يېقىندىلا مەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىنسانلار چەككەن تاماكىنىڭ ئىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

مەن ئۇ راھىپنىڭ ئالقىنىدا ناھايىتى راھەتلىنىپ بىردەم ئولتۇردۇم، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، ئىچىم سىقىلىپ بولالماي قالدىم. مەن راھىپنىڭ مېنى پىرقىرىتىۋاتقانلىقىنى ياكى ئۆزۈمنىڭ پىرقىراۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەيلا قالدىم، كۆڭلۈمدە ئەمدى چوقۇم تۈگىشىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن «دۈڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. مەن پەقەت شۇلارنىلا بىلىمەن، كېيىن زادى نېمە ئىشلار بولدى، ھەرقانچە قىلسامۇ زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم.

بىردەمدىن كېيىن، كاللام بىردىنلا ناھايىتى سەگەكلىشىپ كەتتى، ھېلىقى راھىپ كۆرۈنمەيتتى، ئىلگىرىكى شۇنچە كۆپ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىمنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ھەتتا مېنىڭ ئەڭ

سۆيۈملۈك ئانامنىڭمۇ نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر مەن ئىلگىرى تۇرغان يەرگە ئوخشىمايتتى، بۇ يەر ئىنتايىن يورۇق بولۇپ، كۆزۈمنى زادىلا ئاچالماي قالدىم. مەن، ئاجايىپ ئىش، بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ دەپ ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئاستا ئۆمىلەپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدىم، ئەمما، پۈتۈن بەدىنىم ئىنتايىن قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئەسلىدە مەن پاخال ئۈۋىدىن بىراقلا پاكار بامبۇكزارلىققا تاشلىۋېتىلگەن ئىكەنمەن.

مەن ناھايىتى تەسلىكتە ئۇ بامبۇكزارلىقتىن ئۆمىلەپ چىقتىم، قارىسام، ئالدىمدا ناھايىتى چوڭ بىر كۆل بار ئىكەن. مەن كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، ئەمدى زادى قانداق قىلسام بولار؟ دەپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئەمما، دەماللىققا بىر ياخشى ئامال تاپالمىدىم. بىردەمدىن كېيىن، بىردىنلا بىردەم يىغلىسام بەلكى ھېلىقى راھىپ كېلىپ مېنى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. مەن «مىياۋ، مىياۋ» دەپ مىياۋلاپ باققان بولسامۇ، ئەمما بىرەرسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆلدىن سالقىن شامال ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى، قورسىقىم بەكلا ئېچىپ كەتتى، يىغلاي دېسەممۇ يىغلىيالمايلا قالدىم. مەن ئامالسىز يەيدىغان بىرنەرسە بار بىرەر جاينى تېپىش نىيىتىگە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاستا كۆلنىڭ سول

تەرىپىنى ئايلىنىپ مېڭىشقا باشلىدىم. مەن بەدىنىمە-
نىڭ قاتتىق ئاغرىشىغا چىداپ، كۈچۈمنىڭ بارىچە ئۆ-
مىلەپ ماڭدىم، ئاخىر ئادەم بارداك قىلغان بىر جايغا
كەلدىم. مەن، ئۇ يەرگە كىرسەملا ھامان چارە تېپىلىدۇ
دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بامبۇك قاشانىڭ يوچۇقىد-
دىن بىر ھويلىغا كىردىم. تەقدىر دېگەن بۇ نەرسىنى
چۈشەنمەك ھەقىقەتەن تەس. ئەگەر بۇ قاشانىڭ يوچۇقى
بولمىغان بولسا، مەن ئېھتىمال يول بويىدا ئاچلىقتىن
ئۆلۈپ قالغان بولاتتىم. كونىلاردا «دەرەخ سايىسىغا
ئۇچرىشىمۇ پېشانىدىن» دېگەن گەپ بار. بۇ گەپ
ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن، مانا بۇگۈن، بۇ قاشادىكى يو-
چۇق مېنىڭ قوشنىمىز مىمو قىز[①] بىلەن كۆرۈشۈش-
تىكى يولۇم بولدى. مەن بۇ ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن
نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. بۇ چاغدا قاراڭغۇ
چۈشۈپ كەتكەن، قورسىقىم ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتكە-
نىدى، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىش-
قاندەك يەنە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، مەن ئەمدى بىر-
دەممۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. ئامالسىز، مەن ئاشۇ
يورۇق، ناھايىتى ئىسسىقتەك تۇرغان جايغا قاراپ ئۆمە-
لىدىم. ھازىر ئويلىسام، ئۇ چاغدا مەن بۇ ئائىلىنىڭ
ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغان ئىكەنمەن. بۇ يەردە

① بۇ يەردە بىر چىشى ئاسلان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەن يەنە ھېلىقى راھىپتىن باشقا ئادەمنى كۆردۈم. مەن ئەڭ دەسلەپ دېدەك ئازۇ بىلەن ئۇچراشتىم، ئازۇ ھېلىقى راھىپتىنمۇ رەھىمسىز ئىدى، ئۇ مېنى كۆرۈپلا گەپ قىلماي بوينۇمدىن تۇتۇپ تالاغا ئېتىۋەتتى. مەن ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ئويلىدىم، شۇڭا كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەمما، ئاچلىق ۋە سوغۇقنىڭ ئازابىغا زادىلا چىدىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئازۇنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، غىپپىدە ئاشخانىغا كىرىۋالدىم. ئەمما، بىردەمدىلا يەنە تالاغا تاشلىۋېتىلدىم. مۇشۇنداق تاشلىۋېتىلىش، يەنە كىرىۋېلىشنىڭ تۆت ـ بەش قېتىم تەكرارلانغانلىقى ئېسىمدە. شۇ چاغدا مەن ھەقىقەتەن ئازۇغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. تېخى يېقىندا مەن ئۇنىڭ بىلىقىنى ئوغرىلاپ يەۋالغىنىمدىلا بۇ ئۆچۈمنى ئالغان بولدۇم، قەلبىمدىكى غەزەپ ـ نەپرىتىم تۈگىدى. ئازۇ ئاخىرقى قېتىم مېنى كۆتۈرۈپ تالاغا تاشلىۋەتمەكچى بولغاندا، بۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنى چىقىپ كەلدى ـ دە:

— نېمە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بۇ، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى. ئازۇ مېنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ خوجايىنغا:

— بۇ ياۋا ئاسلان، مەن ئۇنى نەچچە قېتىم تالاغا تاشلىۋەتسەم، يەنە ئاشخانىغا كىرىۋاپتۇ، ئادەمنى ئەجەبمۇ بىزار قىلدى! — دېدى.

خوجايىن قارا بۇرۇتلىرىنى سىلىغاچ، ماڭا بىر سەپسالغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە ئۇ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋەرسۇن، — دېدى. خوجايىن كەم سۆز ئادەم ئىدى. ئازۇ ناھايىتى خاپا ھالدا مېنى ئاشخانىغا تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئائىلىنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيى قىلىۋالدىم.

مېنىڭ خوجايىننى كۆرمىكىم تەس ئىدى. ئاڭلىسام، ئۇ ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ كۇتۇپخانىسىغا بىر كىرىۋالسا چىقمايتتى. بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۇنى ئۆگىنىشتە تىرىشچان ئادەم دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بىر ئىلىم ئىگىسىدەك قىياپەتتە يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر دېگەندەك ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئالغا ئىنتىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى، مەن ھەمىشە پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ يوشۇرۇنچە ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىنى مارىلايتتىم، بۇ چاغدا ئۇنىڭ چۈشتە قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى، بەزىدە شۆلگەيلىرىنىڭ ئۇستەلدىكى كىتابقا ئېقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىم. مەن گەرچە بىر مۇشۇك بولسامۇ، ئەمما، ھەمىشە: ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ھەقىقەتەن كۆڭۈلدىكىدەك كەسىپ ئىكەن، ئەگەر مەن ئادەم بولغان بولسام ئوقۇتقۇچى بولاتتىم، دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى، مۇنداق ئۇخلاپ يېتىپمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدىغان ئىشنى بىز مۇشۇكلەرمۇ قىلالايتتۇق.

ئەمما، خوجايىنىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئوقۇتقۇچىلىقتىن جاپالىق ئىش يوق ئىكەن. ھەر قېتىم ئۆيگە دوستلىرى كەلگەندە، ئۇ ھەمىشە بىرھازا غودۇڭشىپ كېتەتتى.

مەن بۇ ئائىلىدە تۇرۇپ قالغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا خوجايىنىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمىدىم. مېنىڭ مۇنداق ئېتىبارسىز قېلىشىمنى تا ھازىرغىچە ماڭا ئىسىم قويۇلمىغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. مەن ئىلاجسىز، مېنى ئېلىپ قالغان خوجايىنىمنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە خوجايىن گېزىت كۆرۈۋاتقاندا مەن ئۇنىڭ تىزىدا ئولتۇراتتىم. بۇ مېنىڭ خوجايىننى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى مەن بىلەن كارى بولىدىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىلاجسىز قىلىۋاتقان ئىشىم ئىدى. كېيىن مەن خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم، ھەر كۈنى سەھەردە قىزىق تاماق قاچىلانغان كىچىك ياغاچ سوغا ئۇستىگە چىقىۋالاتتىم، كەچتە ئىسسىق يوتقان ئۇستىدە ئۇخلايتتىم، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە كارىدوردا ياتاتتىم. ئەڭ راھەتلىكى يەنىلا كەچتە باللارنىڭ يوتقىنىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئۇخلاش ئىدى. بۇ ئۆيدىكى ئىككى قىز بالىنىڭ بىرسى بەش ياش، بىرسى ئۈچ ياش بولۇپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى بۇ ئىككى بالا ئايرىم بىرخانىدا ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر

يوتقاندا ئۇخلايتتى، مەن ھەمىشە بىر ئىلاج قىلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىپ كىرىۋالاتتىم. ئەمما، بەزىدە تەلىيىم قاچاتتى، ناۋادا بالىلارنىڭ بىرەرسى ئويغىنىپ قالسا، بېشىمغا بالا ياغاتتى. بالىلار يېرىم كېچە بولۇشىغا قارىماي: مۇشۇك كىرىۋاپتۇ، مۇشۇك كىرىۋاپتۇ! دەپ ۋارقىرىشىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن، خوجايىن چوقۇم ئويغىنىپ ياندىكى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقاتتى. بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدىكى ئىشنى ئالساق، ئۇ سىزغۇچ بىلەن كاسامغا راسا سالدى.

مەن ئادەملەر بىلەن بىللە تۇرغاچقا، ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەك ئۆز بېشىمچى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. ئۆز بېشىمچىلىقنى تىلغا ئېلىپلا خوجايىنىمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقتىن يەتكۈچە دەرد تارتقانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئەسلىدە، مېنىڭ خوجايىنىمنىڭ ئىقتىدارى باشقىلارغا يەتمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ ھەممىنى قىلىپ كۆرۈشكە ئامراق ئىدى، ھېلى بېيىت يېزىپ «كاككۇك» ژۇرنىلىغا ئەۋەتەتتى، ھېلى «چولپانلار» ژۇرنىلىغا يېڭى شېئىرلارنى يېزىپ ئەۋەتەتتى، ھېلى قەدەمدە بىر خاتالىق چىقىپ تۇرىدىغان ئىنگلىزچە ماقالىلەرنى يازاتتى، تېخى بىر ۋاقىتلاردا ھەتتا غىڭشىلدىتىپ غېجەكمۇ چېلىپ يۈردى. ئەپسۇسكى، ئۇ ھېچقانداق بىر ئىشتا نەتىجە قازىنالمىدى. مەن ئۇنىڭ

ئۆيىگە كىرىپ بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ ماشاشىنى ئالغان كۈنى بىر چوڭ سومكىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئالدىراپ قايتىپ كەلدى. مەن ئۇ نېمە ئەكەلگەندۇ دەپ ئويلىدىم. ئەسلىدە ئۇ سۇ بوياق، موي قەلەم ۋە رەسىم قەغىزى ئەكەلگەن ئىكەن، قارىغاندا ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ «بىپ-يىت» يېزىشنى تاشلاپ، مەخسۇس رەسىم سىزسا كې-رەك. دەرۋەقە، ئۇ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ ھەتتا چۈشلۈك ئۇيقۇسىنىمۇ قويۇپ، ھەر كۈنى كۈتۈپخانى-سىغا كىرىۋېلىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن رەسىم سىزدى، ئەمما، ئۇ سىزغان نەرسىلەرنىڭ زادى نېمىلىكىگە ھېچكىممۇ بىرنەرسە دېيەلمىدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى سىزالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك.

بىر كۈنى، خوجايىن ئۆزىنىڭ ئېستېتىكا ئالىمى دوستى باتېغا رەسىم سىزىشنىڭ تەسلىكى توغرىسىدا داتلاپ بەردى. باتې:

— دەسلەپتىلا ناھايىتى ياخشى سىزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، سىزگە ئوخشاش مۇنداق ئۆيگە سولىنىۋېلىپ، تەسەۋۋۇرغا تايى-نىپلا رەسىم سىزغاندا چوقۇم ياخشى سىزغىلى بولماي-دۇ. ئىتالىيىلىك داڭلىق رەسسام ئاندرىيا تېل سالدى: رەسىم سىزماقچى بولساڭ، ئاۋۋال تەبىئەتنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئەينەن سىزىشىڭ كېرەك. ئاسماندىكى يۇل-تۇزلار، زېمىندىكى گۈللەر، شەبنەم، ئۇچار قۇشلار،

ياۋايى هايۋانلار، دەريا ـ كۆلدىكى بېلىقلار، قۇرۇپ كەت-
كەن دەرەختىكى قاغا، تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى ئەڭ ئېسىل رەسىم ئەمەسمۇ، دېگەن. سىزمۇ
ياخشىراق رەسىم سىزىپ باقاي دېسىڭىز، تەبىئەت مەن-
زىرىلىرىنى سىزىپ كۆرۈپ باقامسىز؟ — دېدى.

خوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايىل بولدى.
ئەمما، ئۇنىڭ دوستىنىڭ كۆزلىرىدىكى كۈلكىدىن رو-
شەن ھالدىكى مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى.

ئەتىسى، مەن ئادەتتىكىدەك كارىدوردا راھەتلىنىپ
چۈشلۈك ئۇيقۇمنى ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىمدا، خوجايىن ئۆز
ئادىتىنى بۇزۇپ كۈتۈپخانىسىدىن چىقىپ ئارقامدا توخ-
تىماستىن تىپىرلىغىلى تۇردى. مەن تۇيۇقسىز ئويغى-
نىپ كېتىپ، كۆزۈمنى قىسىپ تۇرۇپ، ئۇ نېمە قى-
لىۋاتقاندۇ دەپ قاراپ باقتىم. ئۇ ئەسلىدە پۈتۈن دىققى-
تىنى يىغىپ سالدىنى دوراۋاتقان ئىكەن. بۇ ھالەتنى
كۆرۈپ ئۆزۈمنى زادىلا باسالماي كۈلۈۋەتتىم. دوستى
ئۇنى مەسخىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال مېنى مودېل
قىلىپ رەسىم سىزىۋېتىپتۇ. مەن ئۇيقۇمغا راسا قانغان،
ھازىر تازا بىر ئەسنىگۈم كېلىۋاتاتتى. ئەمما، خوجايى-
نىمنىڭ مۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن رەسىم سىزىشى
ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەگەر مەن مىدىرلاپ، ئۇنىڭ ئى-
شىنى بۇزۇۋەتسەم، ئۇنىڭغا قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟
شۇڭا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەۋر قىلىپ قىمىر

قىلمىدىم. ئۇ مېنىڭ ئاساسىي شەكلىمنى سىزىپ بولۇپ، يۈزۈمگە رەڭ بېرىۋاتاتتى. مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، راستىنى ئېيتقاندا، چىرايلىق ئەمەس ئىدىم. مەيلى بويۇم، رەڭگىم ياكى قاش - كۆزلىرىم بولسۇن، مەن ھەرگىز ئۆزۈمنى باشقا مۇشۇكلەردىن ئېشىپ چۈشىمەن دېيەلمەيتتىم. ئەمما، مەن ھەرقانچە سەت بولسامۇ، ھەرگىز خوجايىنىم سىزغان ھازىرقى رەسىمدىكىدەك غەلىتە ئەمەس ئىدىم. تۈكلىرىمنىڭ رەڭگى ئوخشىمىغانىدى، تېخىمۇ قىزىقى، سىزىلغان مۇشۇكنىڭ كۆزى يوق ئىدى. مەن ئىچىمدە: سەن سالدىنى ھەرقانچە دورىساڭمۇ، مۇنداق سىزىدىغانلا بولساڭ ھەرگىز رەسىمنى ياخشى سىزالمايسەن، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئەستايىدىللىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايتتىم. مەن ئەسلىدە مۇمكىنقەدەر مىدىرلىماي تۇراي دېگەنىدىم، ئەمما، خېلى بۇرۇنلا كىچىك تەرىتىم قىستاپ كەتكەچكە، بۇلجۇڭ گۆشلىرىم تارتىشىپ، بىر مىنۇتمۇ تاقەت قىلالماي قالغانىدىم. مەن ئىلاجسىز سىيىۋېتىپ ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ قويدۇم. خوجايىنىم ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

— ھۇ ئەبلەخ! — دەپ تىللىدى. خوجايىنىم مېنىڭ ئۇنى دەپ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت چىداپ تۇرۇپ بەرگىنىمنى زادىلا چۈشەنمەي، مېنى ھە دەپ تىللاپ كەتتى،

بۇ ھەقىقەتەن ئادەمگەرچىلىك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ئادەتتە مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالغان ۋاقتىمدا ماڭا قىزغىنلىق بىلەن قاراپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ھاقارىتىگە چىدىغان بولاتتىم، ئەمما، ئۇ ئەزەلدىن ماڭا پايدىلىق بولغان بىرەر ئىش قىلىپ باقمىدى، كىچىك تەرەت قىلغىنىمغا مېنى ئەبلەخ دەپ تىللىغىنى بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئىدى.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى پەقەت مۇشۇ يەرگىچىلا بولغان بولسا، بۇنىڭغا يەنىلا چىداشقىلى بولاتتى. ئەمما، ئاڭلىسام كىشىلەر قىلىدىغان قىلىقسىز ئىشلار ناھايىتى كۆپ ۋە ئىچىنىشلىق ئىكەن.

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدا 33 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر چايزارلىق بار ئىدى. ئۇ جاي چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى خىلۋەت، تىنچ، ئىللىق جاي ئىدى. ئۆيدىكى بالىلار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ مېنى ئارامخۇدا ئۇخلاتمىغان ياكى ئىچىم پۇشۇپ كەتكەن، يېگەن نەرسىلىرىم سىڭمىگەندە، مەن ھەمىشە بۇ يەرگە كېلىپ دەم ئېلىپ كۈچۈمنى تولۇقلايتتىم. 10 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، ھاۋا ناھايىتى ئىللىق، سەلكىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، مەن چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغان ۋە راسا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن سائەت، ئىككىلەر ئەتراپىدا چايزارلىققا كەلدىم. مەن ھەربىر تۈپ چاي دەرىخىنى پۇراپ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى شەمشاد چىتلاقنىڭ تۈۋىگە كەلدىم. ئۇ يەردە بىر چوڭ قارا مۇشۇك

قۇرۇپ كەتكەن جۇخارگۇل شاخلىرى ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلسەم، ماڭا زادىلا دىققەت قىلمىغاندەك كۆرۈندى. بەلكىم دىققەت قىلغاندۇ، ئەمما ئۇ يەردە راھەتلىنىپ، خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇسسۇپ كىرىپ مۇنداق تەپ تارتماي ئۇخلاۋاتقان يۈرەكلىكلىكىدىن ھەيران قالدىم. ئۇ تۇم قارا مۈشۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان چۈشتىن كېيىنكى قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ تۈكلىرىدىن خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يالقۇن چاقناۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ تېنى مۈشۈك پادىشاھى بولۇشقا تامامەن لايىق كېلەتتى، مەندىن بىر ھەسسە چوڭ ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا، سەلكىن شامال چىتلاق ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرغان شەمشاد شاخلىرىنى يېنىككىنە يەلپۈدى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى - ئۈچ تال يوپۇرماق قۇرۇپ كەتكەن جۇخارگۇل شاخلىرى ئۈستىگە چۈشتى. بۇ مۈشۈك پادىشاھ بىردىنلا كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئىنسانلار قەدىرلەپ كېلىۋاتقان كەھرىۋادىنمۇ گۈزەل بولغان بۇ پارقىراپ تۇرغان كۆز تاكى ھازىرغىچە يەنىلا ئېسىمدە، ئۇ قىمىر قىلماي، كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئۆتكۈر نۇرنى كىچىككىنە پېشانەمگە توغرىلاپ قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ مەندىن:

— سەن زادى نېمە؟ — دەپ سورىدى. بىر پادىشاھ-نىڭ مۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشى تولىمۇ ئەدەپسىز-لىك ئىدى، ئەمما، ئۇنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى مېنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. مەن «ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە ئېغىز ئەھۋاللىشىپ قويمىسام ئىشىم چاتاق بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن كۈچۈمنىڭ با-رىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سوغۇققىنا قىلىپ:

— مەن مۈشۈك، تېخى ئىسمىم يوق، — دېدىم. ئەمما، شۇ چاغدا يۈرىكىم ئادەتتىكىدىن كۆپ قاتتىق سىلىپ كەتتى. ئۇ مېنى زادىلا مەنسىتمەي:

— نېمە؟ سەنمۇ مۈشۈكمۇ؟ سەن نەدە تۇرى-سەن؟ — دېدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچكىم يوقتەك كۆرۈنەتتى.

— مەن مۇشۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن، — دېدىم مەن.

— بۇرۇنلا شۇنداق ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدىم، خۇددى قاقشالدەك ئورۇقلۇقۇڭنى قارا! — دېدى ئۇ.

ئۇ ناھايىتى ھاكاۋۇر بولۇپ، سۆزلىرى كىشىنى شۈركەندۈرەتتى، مۈشۈك پادىشاھ بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇناسىپ ئىدى. ئۇنىڭ سەمىرىپ تولۇمدەك بولۇپ پارقىراپ كەتكەن ئېتىدىن قارىغاندا ناھايىتى ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى يەپ، ناھايىتى باياشات ئۆتتۈۋاتسا كېرەك. مەن ئىختىيارسىزلا:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىدىكى قارا مۈشۈك! — دېدى ئۇ مەغرۇرانە ھالدا. ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىدىكى قارا مۈشۈكنى بۇ ئەتراپتا بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ھارۋىكەش ئائىلىسىدىكى مۈشۈك بولغاچقا، ھەممە يەردە نوچىلىق، مەنمەنچىلىك قىلاتتى، ئۆزىنىڭ تەربىيە كۆرمىگەنلىكىنى چاندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەممە ئادەم ئەيمىنىپ ئۆزىنى يىراق قاچۇرىدىغان ئەبلەخ ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا كۆڭلۈم باشقىچىلا بولۇپ قالدى، شۇنداقلا يەنە ئۇنى مەنسىتمىدىم. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىر بىلىپ باققۇم كەلدى.

شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باقتىم:

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭە! ھارۋىكەش بىلەن مۇئەللىمنىڭ زادى قايسىسى قالتىس؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئەلۋەتتە ھارۋىكەش قالتىس. قارىمامسەن، خوجايىنىڭنىڭ خۇددى قاقشالدەك ئاۋاقلىقىنى، — دېدى قارا مۈشۈك.

— ھەقىقەتەن ھارۋىكەشنىڭ مۈشۈكى بولۇشقا مۇناسىپكەنسىز. قارىغاندا ناھايىتى كۈچلۈكتەك قىلىسىز، قارىغاندا ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىدە چوقۇم ياخشى تاماقلارنى يەيدىغان ئوخشايسىز، — دېدىم مەن.

— مەن مەيلى نەگىلا بارماي، يېمەك - ئىچمەك

دېگەندىن زادىلا غەم قىلمايمەن. سەن خۇنپەر ھەمىشە بۇ چايزارلىقتىلا چۆرگىلەپ يۈرۈۋېرمە! ئىشەنمىسەڭ مەن بىلەن بارە، بىر ئايغا بارمايلا سەمرىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىسەن!

— بۇ ئىشنى كېيىن دېيىشەيلى. ئەمما، مەن ھەمىشە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيى ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىدىن كەڭتاشا دەپ ھېس قىلىمەن، — دېدىم.

— ئەخمەق! ئۆي ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، قورساقنى تويغۇزالامتى؟ — دېدى قارا مۈشۈك.

قارىغاندا، مېنىڭ گېپىم ئۇنى خېلىلا خاپا قىلىپ قويغان بولسا كېرەك. ئۇ ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن سىلكىپ قويۇپ، كالانپايلىق بىلەن مېڭىپ كەتتى. مېنىڭ كېيىن قارا مۈشۈك بىلەن يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قېلىشىم مۇشۇ قېتىمقى تونۇشلۇقىمىزدىن باشلانغان.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن قارا مۈشۈك بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتىم. ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ئۇ ھە دەپ ماختىناتتى، ھەقىقەتەن ھارۋىكەشنىڭ مۈشۈكى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

خوجايىنىم چۈشىدىمۇ سۇ بوياق رەسىم سىزىپ چۈشەيتتى، ئۇ چۈشىدە ئۆزى سىزغان رەسىمنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئەينەك رامكىغا ئېلىنغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسىمنىڭ بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتى ھەمدە ئۇنى خاتىرىسىگە يېزىپ

قوياتتى. ئىككىنچى كۈنى، ھېلىقى ئۆزۈنىدىن بۇيان كۆرۈنمىگەن، سېرىق گىرۋەكلىك كۆزەينەك تاقىغان ئېستېتىكا ئالىمى خوجايىننى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئۇ ئولتۇرۇش بىلەنلا:

— رەسىمنى قانداقراق سىزىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى. خوجايىن چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي:

— مەن سىزنىڭ نەسىھەتىڭىز بويىچە تىرىشىپ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىۋاتىمەن. تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىش ئارقىلىق ھەقىقەتەن ئىلگىرى دىققەت قىلمىغان شەكىللەرنى، رەڭلەردىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق چۈشەندىم. قارىغاندا، غەربلىكلەر ناھايىتى بۇرۇنلا تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىشنى تەشەببۇس قىلغاچقا، رەسساملىقى بۇگۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىكەن ـ دە! — دېدى. ئۇ خاتىرىنىڭ ئىشىنى زادىلا تىلغا ئالمىدى، ئەمما، سالدىغا ھەقىقەتەن قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئېستېتىكا ئالىمى بېشىنى تاتىلىغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— راستىنى ئېيتسام، ئىنىم، ئۇنى مەن توقۇپ چىققان، — دېدى.

— توقۇپ چىققان؟ نېمىنى توقۇپ چىققان؟

خوجايىن ئەخمەق قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، تېخىچە بىلمەيۋاتاتتى.

— يەنە سوراۋاتقىنىڭىزنى! سىز ھە دەپ قول قويۇۋاتقان سالدىنى دەۋاتىمەن. مەن ئۇنى كاسامغا ئۇرۇپلا

توقۇپ چىققان، سىزنى مۈنداق ئىشىنىپ قالار دەپ ئويلىماپتىمەن. ها ـ ها!...

— ئىستىتىكا ئالىمى ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ كەتتى. بۇ ئىستىتىكا ئالىمى سېرىق گىرۋەكلىك كۆزەينەك تاقىۋالغان بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلىتى ھارۋىكەش ئائىلىسىدىكى قارا مۈشۈككە ئوخشاپ كېتەتتى.

ھارۋىكەش ئائىلىسىدىكى مۈشۈك كېيىن تولىمۇ ئورۇق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پارقىراق تۈكلىرى ئۆڭۈپ چۈشۈپ كەتتى. مەن ئىلگىرى كەھرىۋادىنمۇ گۈزەل دەپ ماختىغان ئاشۇ كۆزنى ھازىر پۇتۇنلەي چاپاق بېسىپ كەتتى، بولۇپمۇ مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقىنى ئۇ كېيىن چۈشكۈنلىشىپ، ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەندە، مەن ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن ئەمدى يەنە ئاغىمخاننىڭ سېسىق ئوسۇرۇقىنى پۇراشقا ۋە بېلىق دۇكىنى خوجايىنىنىڭ ئەپكىشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ.

## 2

يېڭى يىل كىرگەندىن كېيىن، نېمىلا بولمىسۇن ئازراق نامىم چىقىپ قالدى، مۈشۈك بولسامۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى، بۇ ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى.

يېڭى يىل كۈنى ئەتىگەندىلا خوجايىنىم بىر رەڭ-لىك ئاتكىرىتكا تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئۇنىڭ بىر يېقىن رەسسام دوستى ئەۋەتكەن يېڭى يىل ئاتكىرىتكىسى ئى-دى، ئۇنىڭغا رەڭلىك قەلەم بىلەن خەت يېزىلغان بو-لۇپ، ئۈستىگە قىزىل قەلەم بىلەن، ئاستىغا توق يې-شىل قەلەم بىلەن خەت يېزىلغان، ئوتتۇرىسىغا ئول-تۇرغان بىر هايۋان سىزىلغانىدى. خوجايىن ئاتكىرىت-كىنى ئوڭ - سول، يۇقىرى - تۆۋەن قىلىپ بىرهازاغىچە قارىدى، ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە:

— رەڭگى بولىدىكەن، — دېدى. ئاندىن يەنە پەس ئاۋاز بىلەن:

— بۇ سىزىلغان زادى نېمىدۇ؟ — دېدى. مەن كۆڭلۈمدە:

— بۇ ھەقىقەتەن شۇنداق چۈشەنگىلى بولمايدىغان رەسىممىدۇ؟ — دەپ ئويلىدىم. مەن قىلچە قورۇنماي، يۈرىكىمنى توختىتىپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىمنى يېرىم ئېچىپ بېرىپ قاراپ باقسام، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى سى-زىلغان رەسىم، مېنىڭ پورتېرىتىم ئىكەن. خوجايىنىم مۇشۇنداق ئېنىق نەرسىنىمۇ پەرق ئېتەلمەپتۇ. ئىنسانلار مۇشۇنداق ئىشلارغىمۇ بۇنداق باش قاتۇرۇپ كەتسە، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بىچارە ئىكەن. ئەگەر مۇمكىن بولىدىغان بولسا، مەن راستىنلا ئۇنىڭدا سىزىلغىنى مەن دەيتتىم. ئۇنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى تونۇيالمىغان تەقدىردىمۇ،

ئۇنىڭغا بۇنىڭ مۇشۇك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئىنسانلار بىز مۇشۇكلەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان مەخلۇق ئەمەس، ئۇلار تەڭرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولالمىغان، شۇڭا، ناھايىتى ئەپ-سۇسلۇق ئىچىدە بۇ ئىشنى كاللامدىن چۆرۈۋېتىش كېرەك ئىدى.

بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى جاكارلىشىم كېرەك-كى، ئىنسانلارنىڭ بىر يامان ئادىتى بار ئىكەن، ئۇلار ھە دېسىلا يېڭىكلىك بىلەن مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇزىدا بىزگە باھا بېرىدىكەن، بۇ ئىنتايىن قاملاشمىغان ئىش. ئۇنداق ئات ـ كاللار ئىنسانلارنىڭ چىقىرىندىلىرىدىن يارىتىلغان، ئات ـ كاللارنىڭ تېزەكلىرىدىن مۇشۇكلەر يارىتىلغان دەيدىغان قاراشلار ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ نادانلى-قىنى چۇشەنمەيدىغان، ھاكاۋۇر ئوقۇتقۇچىلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان ئىش بولسا كېرەك. گەرچە بىز مۇشۇك دېيىلسەكمۇ، ئەمما، ھەرگىز خۇددى بەشتىن ئۇچىنى ئالسا ئىككىسى قالىدۇ دېگەندەك ئۇنداق ئىختىيارىيچە ياسىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەسمىز. ئېھتىمال، كىشىلەرنىڭ قارىشىچە بىز بارلىق مۇشۇكلەرنىڭ شەكلى ھەممىسى بىر خىل، زادىلا پەرقسىز، ھەربىر مۇشۇكنىڭ ئۆزىگە خاس ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بول-مىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، سىز مۇشۇكلەر جەمئىيىد-تىگە كىرىپ قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ

جەمئىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپلىكتىن بىمىشىد.
ئىنسانلارنىڭ: ئۇن ئادەمنىڭ چىرايى تۈن خىل بولىدۇ
دەيدىغان گېپى مۇشۇكلەر جەقىزىقىش- ھەۋەسلىرى،
مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ چىراي- قىياپىتىنىڭ
سەت- گۈزەللىكى، شەخسىي قىزىقىش- ھەۋەسلىرى،
نام چىقىرىشنى بىلىش- بىلمەسلىكلىرى ناھايىتى
كۆپ پەرقلىق بولۇپ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. گەرچە
شۇنچە روشەن پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما، ئادەملەرنىڭ
مۇشۇكلەرنىڭ مىجەز- خۇلقىنى بىلىش ئۇياقتا تۇر-
سۇن، بىزنىڭ تاشقى قىياپەت- تۇرقىمىزنىمۇ پەرق
ئېتەلمەسلىكى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. «بىر
تۇردىكىلەر بىر- بىرىگە ئىنتىلىدۇ» دېگەن كونا گەپ
ھەقىقەتەن راست ئىكەن. قوغۇن سانتقۇچى قوغۇن سات-
قۇچىنىلا تونۇيدىكەن، مۇشۇك مۇشۇكنىلا تونۇيدىكەن،
مۇشۇكلەرنىڭ ئىشىنى مۇشۇكلەرلا بىلىدىكەن. گەرچە
ئىنسانلار ھەرقانچە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما،
مۇشۇ نۇقتىدا ئۇلار يارىمايدىكەن. راستىنى ئېيتقاندا،
ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرى ئىشەنگەندەك ئۇنداق ئۇلۇغ
ئەمەس. مېنىڭ ھېلىقى ھېسداشلىق قىلىشنى بىلمەي-
دىغان خوجايىنىم ھەتتا ئۆزئارا چۈشىنىش مۇھەببەتنىڭ
ئاساسى دېگەننىمۇ بىلمىگەن يەردە بىزنى چۈشىنىشى
مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئادەم بەئەينى غەيرىي مىجەزلىك

قۇلۇلىدەك كۇن بويى كۇتۇپخانىسىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى، ئەزەلدىن سىرتقا زەن سېلىپ باقمايتتى. ئەمما، ئۇ پەقەت ئۆزىلا ناھايىتى بىلىملىك، يىراقنى كۆرىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى، بۇ قىلىقى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنىنىڭ مېنىڭ پورتېرتىم ئىكەنلىكى شۇنچە ئېنىق تۇرسىمۇ، ئەمما، ئۇ زادىلا ئۇقمىدى، ئەكسىچە، قانداقتۇ:

— بۇ يىل رۇسىيە بىلەن ئارىمىزدا ئۇرۇش باشلانغان ئىككىنچى يىل، بۇ ئېھتىمال شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى بولسا كېرەك، — دېدى. مۇشۇنداق كۈلكىلىك گەپنى قىلىپ تۇرۇپمۇ يۈزى قىزارمىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەرگىز بىلىملىك، يىراقنى كۆرەر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتەتتى. مەن خوجايىنىمنىڭ تىزىدا يېتىپ كۆزۈمنى يۇمۇپ بۇ ئىشلار ئۇستىدە ئويلاۋاتقىنىمدا، ئايال خىزمەتكار يەنە بىر يېڭى يىلنى تەبرىكلەش ئاتكىرىتكىسىنى ئېلىپ كىردى. قارىسام يېڭى يىل ئاتكىرىتكىسىغا چەت ئەلنىڭ تۆت - بەش مۇشۇكىنىڭ سۈرىتى بېسىلغان ئىكەن، ئۇلار بىر قاتار بولۇپ تىزىلغان بولۇپ، بەزىسى قولىغا قەلەم ئالغان، بەزىسى كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندەك بىر مۇشۇك ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىپ، ئۇستەل يېنىدا غەربنىڭ «مۇشۇك دېسكوسى»نى ئويناۋاتاتتى. ئاتكىرىتكىنىڭ

يۇقىرى تەرىپىگە ياپونىيە سىياھى بىلەن قىنىق قىلىپ: «مەن مۇشۇك» دەپ يېزىلغان. ئۇڭ تەرەپكە: ئۇقۇيمىز كىتاب، ئوينايمىز ئۇسسۇل، قىزىپ كەتتى مۇشۇكلەرنىڭ يېڭى يىلى ئەجەب بۇ يىل» دېگەن بېيىت يېزىلغاندى. بۇنى خوجايىنىمىزنىڭ بىر كونا شاگىرتى ئەۋەتكەندى. مەيلى كىم بولمىسۇن بىر قاراپلا رەسىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى، ئەمما، ئەزەلدىن مۇتەئەسسىپ بولغان خوجايىنىم ئۇنى چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى، ئۇ غەلىتە بىر ھالدا بېشىنى قىڭغايتىپ، ئۆز-ئۆزىگە:

— غەلىتە ئىش، بۇ يىل مۇشۇك يىلى ئەمەستۇ؟ — دېدى. ئېنىقكى، ئۇ مېنىڭ ھەممە يەردە داڭقىمنىڭ چىققىنىنى تېخى چۈشەنمىگەنىدى. دەل شۇ چاغدا، ئايال خىزمەتكار ئۈچىنچى ئاتكىرىتكىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئاتكىرىتكىدا رەسىم يوق، پەقەت ئوتتۇرىدا: «يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك!» دېگەن خەت، يانغا: «مۇشۇ پۇرسەتتە ماڭا ۋاكالىتەن سارىيىڭىزدىكى مۇشۇكىڭىزدىن ئامانلىق سوراپ قويارسىز!» دەپ يېزىلغانىدى. خوجايىنىم مەيلى قانچىلىك جاھىل بولمىسۇن، ئاتكىرىتكىدا شۇنداق ئېنىق يېزىلغان بولغاچقا، ئۇ ئاخىر چۈشەندى بولغاي، «ھىم» دەپ ماڭا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭدا خېلى ھۆرمەت تۈسى بار ئىدى. ئىلگىرى كىشىلەر زادىلا ئېتىراپ قىلمىغان خوجايىنىم ئەمدى بىردىنلا ناھايىتى

يۈز ـ ئابرۇيلۇق بولۇپ قالدى، بۇ پوتۇنلەي مېنىڭ شۆھرىتىم بىلەن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى پۈتۈنلەي ھەقلىق ئىدى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، مەن ئەمدى ئادەتتىكى بىر مۈشۈك ئەمەس ئىدىم. مەن ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي «شاپتۇللۇق تاغدىكى قارلىغاچ» تا تەسۋىرلەنگەن مۈ-شۈكتەك ياكى ئەنگلىيە شائىرى گرەي ئالىلىسىدىكى ئالتۇنبېلىق ئوغرىلىغان مۈشۈككە ئوخشاش سالاھىيەتكە ئېرىشتىم دەپ ھېس قىلاتتىم. ھازىر مەن ھارۋىكەش ئائىلىسىدىكى قارا مۈشۈكنى كۆزگە ئىلمايتتىم. گەرچە مەن بىرەر پارچە تورت دېگەندەك نەرسىلەرنى يەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەر ئۇنى ـ بۇنى دېيەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار كۆرمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلاپ يەۋالىدى-غان ئادەت ھەرگىز بىز مۈشۈكلەرگىلا خاس بولغان نەرسە ئەمەس، مەسىلەن، بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكى ئايال خىزمەتكار ئازۇنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ھەمىشە خوجا-يىنىنىڭ ئايالىنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سورىمايلا پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىق نەرسىلەرنى يەۋالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەۋېلىپمۇ يەنە دەپمۇ قويمايتتى. بۇ ئىشلار يەنە پەقەت ئازۇ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى، ھەتتا خوجا-يىنىمىزنىڭ ئايالى ئەزەلدىن ناھايىتى ياخشى تەربىيە

كۆرگەن دەپ ماختايدىغان بالىلاردىمۇ مۇشۇنداق ئىش بار ئىدى. بىر قېتىم مەن چاغانلىق تورتنى ئوغرىلاپ يەۋېلىپ رەسۋا بولدۇم، ھەتتا ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشقا يۈزۈم قالمىدى، ئايال خىزمەتكار ئازۇدىنمۇ پەرقىم قالمىدى دەپ ئويلىدىم.

ئۆزۈمدىكى بۇ روھىي ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاشخانىدىن ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقتىم، كۆڭلۈمدە، ياخشىسى، كىچىك كوچىدىكى ئايال غېجەك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىدىكى مىمو قىزنى زىيارەت قىلىپ كېلەي دەپ ئويلىدىم. مىمو قىز بۇ ئەتراپتىكى داڭلىق گۈزەل ئىدى. گەرچە مەن ئۆزۈم بىر مۈشۈك بولسامۇ، ئەمما، باشقىلارنىڭ نازۇ كەرەشمىلىرىنى چۈشىنىمەن. ئۆيدە ھەر قېتىم خوجايىنىمنىڭ خاپا چىرايىنى كۆرگەن ياكى ئازۇنىڭ يامان مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ ئىچىم پۇشۇپ سىقىلىپ كەتكەندە، ھەمىشە بۇ يات جىنسلىق دوستۇمنى زىيارەت قىلىپ پاراڭلاشسام، كۆڭلۈم ئۆزۈمنۇ سەزمىگەن ھالدا ئېچىلىپ، خۇددى يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندەك، ئىلگىرىكى غەم ـ ئەندىشىلەر، موھتاجلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتىم.

ئايال زاتىنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەن زور بولىدۇ. مەن ئۇنى بارمۇ ـ يوق دەپ شەمشاد قاشانىڭ يوچۇقىدىن ھويلىنىڭ بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە قاراپ باقتىم،

ئەسلىدە مىمو قىز بايراملىق مارجىنىنى تاقاپ، ھويـ
لىدىكى كارىدوردا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ
تولغان بەللىرى بەك كېلىشكەن، بەك گۈزەل ئىدى،
كىشىنى ناھايىتى جەلپ قىلاتتى، ئۇ قۇيرۇقىنى ئاجا-
يىپ چىرايلىق بىر ھالدا قىسىۋالغان، ئۇنىڭ ئاشۇ
ئولتۇرۇش ھالىتىدىن بىرئاز قايغۇ ـ ھەسرەت چىقىپ
تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ قۇلىقىنى پات ـ پات دىڭگايتىپ
قويىدىغان چىرايلىق ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە ئامالسىز
قالدىم. ئۇ ئىللىق كۆن نۇرىغا قاقلىنىپ ئۇ يەردە سا-
لاپەت بىلەن راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇ گەۋدىسىنى
كۆتۈرۈپ، مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ
ماموقتەك يۇمشاق تۈكلىرى باھار قۇياشىنىڭ نۇرىدا
خۇددى يېنىك تىترەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن خېلىغىچە
خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردۇم، ئاند-
ىدىن بىردىنلا سەگەكلىشىپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— مىمو قىز، مىمو قىز! — دەپ چاقىردىم ھەمدە
ئالدى پۇتلىرىمنى كۆتۈرۈپ بۇياققا كېلىشكە ئىشارەت
قىلدىم. مىمو قىز شۇئان:

— ئوھوي، ئەپەندىم ئىكەنغۇ! — دەپ پېشايىۋاندىن
چۈشتى، ئۇنىڭ بوينىدىكى قىزىل يىپ بىلەن ئېسىپ
قويۇلغان كىچىك قوڭغۇراق جىرىڭلاپ كەتتى.

— يېڭى يىلدا بويىنىمىزغا قوڭغۇراق ئېسىپ قو-
يۇلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن، ئۇنىڭ ئاۋازى بەك زىل،

يېقىملىق ئىكەن، — دېدىم ئۇنى چىن قەلبىمدىن ئىختىيارسىز ماختاپ. بۇ چاغدا، مىمو قىز يېنىمغا كېلىپ:

— ئەپەندىم، يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! — دېدى قۇيرۇقىنى سولغا قارىتىپ پۇلاڭلىتىپ. بىز مۈشۈكلەر سالام بەرگەندە ھەمىشە ئاۋۋال قۇيرۇقىمىزنى تىك كۆتۈرۈپ، ئاندىن سولغا قارىتىپ بىر ئايلاندۇراتتۇق. بۇ تار كوچىدا مېنى «ئەپەندى» دەپ ئاتاشنى خالايدىغانلار پەقەت مۈشۈ مىمو قىزلا ئىدى. مەن باشتا ئۆزۈمنىڭ تا ھازىرغىچە تېخى ئىسمىمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتىم، ئەمما، مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاچقا، پەقەت مىمو قىزلا مېنى ھۆرمەتلەپ «ئەپەندى» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىسام، ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتەتتىم-دە، «ھە، ھە» دەپ جاۋاب قايتۇراتتىم.

— ھە، يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! بۈگۈن ياسىنىپ بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز! — دېدىم مەن.

ئۇ بوينىدىكى قوڭغۇرىقىنى قەستەن جىرىڭلىتىپ ماڭا كۆرسەتتى ۋە:

— ھە، ئۇستام ئۆتكەن يىلى يىل ئاخىرى ماڭا ئېلىپ بەرگەن، بولامدىكەن؟

— ئاۋازى بەك يېقىملىق ئىكەن، مەن ئۆمرۈمدە تېخى مۇنداق چىرايلىق قوڭغۇراقنى كۆرۈپ باقمىغان.

— قاراڭە سىزنى! بۇنى ھەممىلا ئادەم ئاسىد-
غۇ! — دېدى ئۇ قوڭغۇراقنى يەنە بىر قېتىم جىرىڭلى-
تىپ، — قاراڭ، ئاۋازى ھەقىقەتەن بەك يېقىملىق. مەن
بەك خۇشال بولدۇم، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ قوڭغۇ-
راقنى يەنە بىردەم جىرىڭلاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى-
نى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ھەۋەس قىلدىم - دە:

— قارىغاندا، سىز تۇرۇۋاتقان ئائىلىدىكى ئۇستام
سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، — دېدىم. مىمو ھەقى-
قەتەن سەبىي قىز ئىدى، ئۇ:

— ھەئە، مېنى خۇددى ئۆزىنىڭ بالىسىدەكلا كۆرى-
دۇ، — دېدى - دە، سەبىيلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى. بىز
گەرچە مۇشۈكلەر بولساقمۇ، كۈلمەسلىكىمىز كېرەك
ئەمەستە! ئىنسانلار ئۆزلىرىدىن باشقا ھايۋانلارنى كۈ-
لۈشنى بىلمەيدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ خاتا. بىز كۈلگەندە
بۇرنىمىزنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ، كانىيىمىزنى غۇرت -
غۇرت قىلىپ تىترىتىمىز. ئىنسانلارنىڭ ئەلۋەتتە مۇن-
داق كۈلۈشنى چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز ئەم-
دى بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرۇشىمىزغا، ئايال ئۇستام ئۇنى
تاماق يېيىشكە چاقىردى. مىمو قىز خۇشال ھالدا:

— ھە، ئۇستام مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، مەن كېتىدىغان
بولدۇم، بولامدۇ؟ — دېدى. مەن بولمايدۇ دېسەممۇ بۇنىڭ
ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى.

مىمو قىز:

— ئەمىسە يەنە ئۇيىنىغىلى كىلىڭ! — دېدى ـ دە، قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمىلا ھويلىغا بىرىپلا يەنە تېز قايتىپ كەلدى ـ دە، مەندىن ناھايىتى ئەنسىرىگەندەك:

— چىرايىڭىز غەلىتىلا تۇرىدۇ، بىرەر كېلىشمەس-لىك بولدىمۇ ـ قانداق؟ — دەپ سورىدى. مەن ئەلۋەتتە ئۆزۈمنىڭ تورتنى ئوغرىلىقچە يەۋېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتكىنىمنى دېيەلمەيمەن ـ دە! شۇڭا، مەن:

— ھېچنېمە بولمىدى، ھېلى مەن بىر ئىش ئۇس-تىدە ئويلىنىۋاتاتتىم، بىرئاز بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ. راس-تىنى ئېيتسام، مېنىڭ سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، شۇنداق قىلسام بەلكىم بېشىمنىڭ ئاغرىقى ساقىيىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا، مەن بۇ يەرگە كەلگەن.

— شۇنداقمۇ؟ ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، خوش!

قارىغاندا ئۇنىڭ كەتكۈسى كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ چاغدا، تورت سەۋەبىدىن چۈشۈپ كەتكەن روھىم تولۇق ئەسلىگە كەلدى، كۆڭلۈممۇ بەكلا شادلىنىقا چۆم-دى. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا يەنە ھارۋىكەشنىڭ قارا مۈشۈكى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ يەنىلا قۇرۇق جۇخار شاخلىرى ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئەسنەپ ياتاتتى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئەمدى قارا مۈشۈكنى كۆرسەم قورقمايدىغان بولغانىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا

تۇتۇلۇپ قېلىش ئاۋارىچىلىكى ئىدى، شۇڭا، مەن كۆرمىگەن بولۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. ئەمما، قارا مۈشۈك ئەگەر بىرەركىم ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىدى دەپ قارايدىكەن، ئۇنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتى.

— ھەي، تېخى ئىسمىمۇ بولمىغان ھاراملىق! يېقىندىن بۇيان گەدەنكەش بولۇپ كېتىپسىنا، مۇئەللىمىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان بولساڭمۇ ئۇنداق بەك ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمە، نېمە ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۇرىدۇ! — دېدى ئۇ. قارىغاندا، قارا مۈشۈك مېنىڭ ئاز - تولا نامىم چىقىپ قالغانلىقىنى تېخى بىلمىسە كېرەك. مەن ئەسلىدە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرەي دېگەنىدىم، ئەمما، بەرىبىر بۇ ئەبلەخ بۇنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز ئەھۋاللىشىپ قويۇپلا دەرھال بۇ يەردىن كېتىش نىيىتىگە كەلدىم.

— ھە، ئەسلىدە قارا مۈشۈك جانابلىرى ئىكەنغۇ! يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، سىز ھەمىشە مۇشۇنداق روھلۇق، تېتىك يۈرىسىز! — مەن قۇيرۇقۇمنى كۆتۈرۈپ سولغا قارىتىپ بىر ئايلاندۇردۇم. قارا مۈشۈك پەقەت قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ قويدىيۇ، ماڭا سالام قايتۇرمىدى.

— نېمە؟ مۇبارەك بولسۇن؟ ئەگەر 1 - ئاي بولغان بولسا مۇبارەكلەشكە ئەرزىيتتى، مۇنداق دېسەڭ سەن

ئەبلەخ يىل بويى يېڭى يىلنى تەبرىكلىگەن بولۇۋالما-
سەن؟ ماۋۇ شامال ساندۇقىغا ئوخشايدىغان بېشىڭغا
ھېزى بول! — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ شامال ساندۇقىغا ئوخ-
شايدىغان باش دېگەن سۆزى ئېھتىمال ئادەم تىللايدىغان
سۆز بولسا كېرەك، مەن ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۇقمىدىم.
شۇڭا، مەن:

— ھىم، ھۇ ئەبلەخ! تىل ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ يەنە بۇ
نېمە دېگەن گەپ دەپ سوراۋاتقىنىسى. ساڭا گەپنى چۈ-
شەندۈرگىلى بولمايدىكەن، ھۇ سېپى ئۆزىدىن ئىككى
يۈز ئەللىك، بۇ شۇنداق دېگەن گەپ!

«سېپى ئۆزىدىن ئىككى يۈز ئەللىك» گەرچە ناھا-
يىتى قىزىقارلىق گەپ بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ مەنىسى
زادى نېمە؟ بۇ «شامال ساندۇقىغا ئوخشايدىغان باش»
دېگەن گەپكە قارىغاندا كىشىنى تېخىمۇ گاڭگىرىتاتتى.
مەن ئەسلىدە كېيىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئوبدان
بىر سوراپ بىلىۋالاي دېگەنىدىم، ئەمما، سورىغان تەق-
دىردىمۇ قارا مۈشۈك بۇنىڭغا چوقۇم ئېنىق جاۋاب بەر-
مەيتتى. شۇڭا مەن قارا مۈشۈك بىلەن قارىشىپ جىم
تۇرۇشقىلا مەجبۇر بولدۇم، بۇ مۈشكۈل بىر ھالەت ئى-
دى. دەل شۇ چاغدا، قارا مۈشۈكنىڭ ئايال خوجايىنى
قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى:

— ئاپلا، ئىشكاپ ئۈستىدىكى كىتا بېلىقى يوق
تۇرىدۇغۇ؟ ۋاي ئاللا، يەنە شۇ ھايۋان يەپ كېتىپتۇ-دە!
كىشىنى ئەجەب بىزار قىلدىغۇ بۇ ئوغرى مۈشۈك! قېنى

بىر كىرىپ باقسۇنچۇ، قانداق ئەدىپىنى يېرىدىكەنمەن!

قارا مۈشۈكنىڭ چىرايىدىن مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى، ئۇ خۇددى خوجايىن نېمە دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلسە ۋارقىراۋەرسۇن، دەۋاتقاندەك بەخىرامان بىر ھالەتتە تۇراتتى. ئۇ ئاڭلاۋاتامسەن دېگەندەك تۆۋەنكى ئېڭىكىنى ئالدىغا سوزدى. بايا قارا مۈشۈك بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن، ئەمدى قارىسام ئۇنىڭ پۇ-تىنىڭ يېنىدا راستتىنلا بىر پارچىسى ئىككى سىنت ئۇچ لىلىق نېپىز كىتا بېلىقى سۆڭىكى تۇرىدۇ، ئۇ توپىغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

— سىز يەنە بۇرۇنقىدەكلا بەك يامان ئىكەنسىز! — مەن بايىقى گەپلەرنى ئۇنتۇپلا ئىختىيارسىز ئۇنى ماختاپ كەتتىم. ئەمما، قارا مۈشۈكنىڭ بۇ خۇشا-مەت بىلەنلا ھەرگىز ئاچچىقى يانمايتتى.

— نېمە ئۇ يامان - يامان دېگەن! مۇشۇ بىر - ئىككى پارچە كىتا بېلىقى گۆشىنى يېدىم، شۇنىڭغىمۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتامسەن؟ ھۇ ئەبلەخ، سەن مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتىسەن، مەن دېگەن ھارۋىكەش ئائىلىسىدىكى قارا مۈشۈك! — دېدى ئۇ ئۇ شۇنداق دېگەچ ئالدى ئوڭ پۇتىنى كۆچەپ تۇرۇپ مۈرىسىگىچە كۆتۈردى. مەن:

— مەن سىزنىڭ قارا مۈشۈك ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالارمەنمۇ؟ — دېدىم.

— بىلگەن بولساڭ، نېمىشقا ئەمىسە يەنە شۇنداق يامان ئىكەنسىز دەيسەن؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — ئۇ ھە

دەپ ماڭا خىرىس قىلاتتى. ئەگەر مەن ئادەم بولغان بولسام، ئۇ مېنىڭ ياقامدىن ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئىتتىرىپ يۈرگەن بولاتتى. دەل مەن ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىپ ئارقامغا سەل داجىغان پەيتتە، قارا مۈشۈك ئا- ئىلىسىدىكى ئايال خوجايىن ۋارقىراپ تۇرۇپ كالا گۆشى دۇكىنى خوجايىنىغا بىر جىڭ كالا گۆشى تارتىپ بې- رىشنى بۇيرۇپ، جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى. قارا مۈشۈك ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتلىرىنى كۆچەپ سوزۇپ، زاڭلىق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا:

— ھىم، ئايال خوجايىن يىلدا بىر قېتىملا كالا گۆشى ئالىدۇ. ھۇ ئاناڭنى، ھە دەپ توۋلاپ كەتكىنىنى. ئاشۇ بىر جىڭ گۆشنى قولۇم ـ قوشنىلىرىغا كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقىنىنى قارا، ھۇ تەربىيە كۆرمىگەن خوتۇن!

مەن جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز بولغاچقا، ئۇندىمەي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىم. قارا مۈشۈك ئۇ بىر جىڭ گۆشنى ئۆزىگە تەييارلانغان دەپ قاراپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇ:

— ئاران بىر جىڭلا ئالغىنىنى، مەن بۇنىڭغا ئۇنىمايمەن. ئەمما، ئامال قانچە، قېنى ئۇ ئەكەلسۇنچۇ، دەرھاللا يەۋېتىمەن، — دېدى.

— بۇ نۆۋەت ناھايىتى مەززىلىك تائام يېيدىغان بولدىڭىز، بەك ياخشى بولدى، — دېدىم. مېنىڭ مۇنداق دېيىشىم ئۇنى تېزرەك كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئىدى.

— مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئارىلاشما! ئاغزىڭنى يۇم، ئادەمنى ئەجەب بىزار قىلدى! — ئۇ شۇنداق دېيەلا بىرلا سەكرەپ قاشادىن ئارتىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ ئېھتىمال گۆشنى مارىلاپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ئۇدا تۆت - بەش كۈن ناھايىتى تىنچلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئاق فارفور تەشتەكتىكى نەرگەس گۈلى ئاستا - ئاستا قۇرۇپ كەتتى. بوتۇلكىغا سانجىپ قويۇلغان يې- شىل مېيخۇا گۈلى غۇنچە چىقارغانىدى. مەن ھەركۈنى بۇلارنى تاماشا قىلىۋېرىپ ئىچىم پۇشۇپ قالدى، شۇڭا، مىمو قىزنى ئۈچ قېتىم ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشەلمەي كەلدىم. بىرىنچى قېتىم بارغاندا ئۇ ئۆيدە يوق ئوخ- شايدۇ دېيىشتىم، ئىككىنچى قېتىم بارغاندا ئاندىن ئۇ- نىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى بىلدىم، غىجەك ئو- قۇتقۇچىسى ئۆيدە ئايال خىزمەتكار بىلەن سۆزلىشىۋا- تاتتى، مەن تازىلىق ئۆيىدىكى يۈز يۇيۇش قاچىسىنىڭ يېنىغا قويۇلغان ماگنولىيە گۈلىنىڭ ئارقىسىغا مۆ- كۈپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئوغرىلىقچە قۇلاق سالدىم، ئۇلار مۇنداق دېيىشىۋاتاتتى:

— مىمو، بىرنەرسە يېدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايال خوجايىن.

— بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى بىرنەرسە يېمىدى، ئۇنى ئىسسىنىۋالسۇن دەپ ئىسسىق كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ

قويدۇم، — دېدى ئايال خىزمەتكار. ئۇنىڭغا مۇشۇكـكـە ئەمەس، بەلكى ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىۋاتاتتى.

مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇپ، ناھايىتى مەستلىكىم كەلدى، شۇنداقلا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن مىمونىڭ مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىنى كۆرۈپ چىن قەلبىمدىن سۆيۈندۇم.

ئارقىدىن ئۇلار سەنماۋنىڭ كېسەللى توغرىسىدا سۆزلەشتى، يەنە ئۇنى دوختۇرغا كۆرسەتتى، ئايال خوجايىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بىزنىڭ مۇشۈك نېمىشقا زۇكام بولۇپ قالدى، ئۇ ھەر يەرلەردە چېپىپ يۈرمەيتتىغۇ؟ — دېدى. ئايال خىزمەتكار:

— ياق، خانىم، ئۇ يېقىندىن بۇيان بىر ئەسكى مۇشۇكنى دوست تۇتۇۋالدى، — دېدى خۇددى دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى سۆزلەۋاتقاندەك كۆرەڭلىگەن ھالدا.

ئايال خوجايىن ھەيرانلىق بىلەن:

— قايسى ئەسكى مۇشۇك؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدى كوچىدىكى ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىكى پاسكىنا ئەركەك مۇشۇك، — دېدى ئايال خىزمەتكار.

— سەن دەۋاتقان مۇئەللىم ھېلىقى ھەر كۈنى ئەتىگەن غەلىتە ئاۋازدا ھۆ قىلىدىغان ئادەممۇ؟ — دەپ سورىدى ئايال خوجايىن.

— ھەئە، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن يۈزىنى يۇيۇۋاتقاندا بەئەينى بىرسى گېلىنى سىقىۋاتقان غازدەك غەلىتە ئاۋاز چىقىرىدۇ.

خوجايىنىمنىڭ راستتىنلا شۇنداق ئەيىبى بار ئىدى، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن چىشىنى چوتكىلىغاندا، چىش چوتكىسىنى گېلىغا تىقىپ ھېچقانداق تەپ تارتماي غەلىتە ئاۋاز چىقىراتتى.

ئايال خوجايىن:

— ئۇنىڭ خوجايىنى شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ چوقۇم ياۋا مۇشۇك، ئۇ كېيىنكى قېتىم كەلگەندە راسا ئۇر! — دېدى.

— ئەلۋەتتە راسا ئۇرىمەن. مىمونىڭ چوقۇم ئاشۇ ياۋا مۇشۇك ئاغرىتىپ قويدى. مەن چوقۇم مىمونىڭ ئۆچىنى ئالىمەن.

بۇ ھەقىقەتەن بەك ئۇۋالچىلىق ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاسانلىقچە بارالمايدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مىمو قىزنى كۆرەلمەي قايتىپ كەلدىم.

خوجايىنىمنىڭ ھېلىقى ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدىغان ئىپتىپىكا ئالىمى دوستى باتې ئەپەندى ۋە خوجايىنىنىڭ ئىلگىرىكى شاگىرتى كانگى ئەپەندى يەنە كەلدى. ئۇلار ئۇچەيلەن ئۆزلىرىنىڭ بەزى مەنىسىز ھېكايىلىرىنى ئېيتىشاتتى. مەن ئادەملەر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاغزىنى بولۇشىغا

ئىشقا سېلىپ، ئەسلىدە زادىلا كۆلكىلىك بولمىغان ئىشلار ئۈستىدە بىرھازا كۈلۈشىدىكەن، ئەسلىدە ھېچ-قانچە قىزىقارلىق بولمىغان ئىشلار توغرىسىدا ھەۋەس بىلەن سۆزلىشىپ كېتىدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىقتىدارى يوق ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مەن بىردىنلا بۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بەزدىم ـ دە، ياخشىسى مىمو قىزنى كۆرۈپ كېلەي دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن غېجەك ئو-قۇتقۇچىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. پېشايۋاندا بىرلا سېلىنچا بولۇپ، ئادەم يوق، ئىشىك چىڭ يېپىل-غانىدى. ئايال ئوقۇتقۇچى ئېھتىمال مۇنچىسىدا يۇيۇنۇ-ۋاتقان بولسا كېرەك. ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە بار ياكى يوقلۇقى ھېچبىر ئىش ئەمەس. مېنىڭ خاتىرجەم بولالمايۋاتقىنىم مىمو قىزنىڭ ياخشى بولۇپ قالغان ياكى قالمىغانلىقى ئىدى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، ئۆيدە ئادەم يوقتەك قىلاتتى. شۇڭا مەن ئاستا پېشايۋانغا چى-قىپ، لاي پۇتلىرىم بىلەنلا سېلىنچا ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىدە يېتىش بەك راھەت ئىكەن، مېنى مۈگدەك بېسىپ مىمو قىزنى ئۇنتۇپلا ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. بۇ چاغدا بىردىنلا ئۆيدىن بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جاپا چەكتىڭ! پۇتۇڭمۇ؟ — دېدى ئايال ئوقۇت-قۇچى ئۆي ئىچىدىلا.

— ھەئە، سىزنى كۆپ ساقلىتىۋەتتىم. مەن ئىبادەت بۇيۇملىرى دۇكىنىغا كىرىشىمگىلا، ئۇستام ھازىرلا پۈتكەنىدى، دېدى.

— ھە، قېنى كۆرۈپ باقاي! ھە، چىرايلىق بوپتۇ. ئەمدى مىمونىڭ روھى ئارام تاپىدىغان بولدى. بۇ ھەل چۈشۈپ كەتمەس ــ ھە؟

— چۈشۈپ كەتمەيدىكەن، مەن خاتىرجەم بولالماي سورىسام، ئۇستام: بۇنىڭغا ئالىي دەرىجىلىك ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن، ئۇ ئادەملەر ئۈچۈن ياسالغان تەزىيە تاختىسىدىنمۇ چىداملىق، — دېدى، يەنە «ۋاپادار مۇشۈك» دېگەن خەتنى باسما نۇسخا بىلەن يازساق تېخىمۇ كۆركەم بولىدۇ، شۇڭا خەت شەكلىنى سەل ئۆزگەرتىپ قويدۇق، دېدى.

— ياخشى بوپتۇ، ياخشى بوپتۇ، بىز ئۇنى بۇت تەكچىسىگە تىزىپ قويۇپ، ئىسرىق ياقايلى.

مەن سىلىنچىدىن قوپۇپ، كۆڭلۈمدە:

— مىمو قىزغا نېمە بولغاندۇ؟ ئەھۋال غەلىتە تۇرىدىغۇ؟ — دەپ ئويلىدىم. بۇ چاغدا غېجەك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تاك ــ تاك ئۇرغان ۋە نوم ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاپادار مۇشۈك، نامۇ ئامىتابا، نامۇ ئامىتابا.

— كەل، سەنمۇ نوم ئوقۇ، بىز بۇددساتۋادىن مىموغا ئامانلىق تىلەيلى، — دېدى ئوقۇتقۇچى ئايال خىزمەتكارغا.

ئەمدى ئايال خىزمەتكارنىڭ تاك ـ تاك ئۇرغان ۋە نوم ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ۋاپادار مۈشۈك، نامۇ ئامىتابا، نامۇ ئامىتابا. ...

ــ بىردىنلا يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى، مەن خۇددى بىر ياغاچ مۈشۈكتەك سىلىنچا ئۈستىدە قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم، كۆزلىرىممۇ پارقىراپ قالدى.

ــ ھەقىقەتەن بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، ئەسلىدە مۈشۈككە بىرئاز زۇكام تېگىپ قالغانىدى-غۇ؟ ــ دېدى ئايال خىزمەتكار.

ــ ئەگەر كايىيۇشى دوختۇر ئازراق دورا يېزىپ بەر-گەن بولسا، مۈشۈك بەلكى ھايات قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ــ دېدى ئايال ئوقۇتقۇچى.

ــ يەنىلا ئاشۇ كايىيۇشى دوختۇر ياخشى قىلمىدى، ئۇ مىمو كېسىلىگە زادىلا ئېتىبار بەرمىدى، ــ دېدى ئايال خىزمەتكار.

ــ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلما! جان دېگەنگە بىرنېمە دېمەك تەس، ــ دېدى ئايال ئوقۇتقۇچى.

دېمەك، كايىيۇشى دوختۇر چاقىرتىلىپ مىمونىڭ كېسىلى كۆرسىتىلگەن ئىكەندە!

ــ مېنىڭچە، كوچا دوقمۇشىدىكى ھېلىقى مۇئەل-لىمىنىڭ ئۆيىدىكى ياۋا مۈشۈك ھە دەپ بىزنىڭ مىمونى ئازدۇرۇپ سىرتقا ئاچىقىپ ئۇنى كېسەل قىلىپ قويدى، ــ دېدى ئايال ئوقۇتقۇچى.

مېنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلار بىلەن بىر مۇنازىرىلەشكۈم كەلدى، ئەمما، ماڭا ھازىر ئەڭ زۆرۈرى ئۇلارنىڭ گېپىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاش ئىدى، شۇڭا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدىم.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى بىردەم ئۈزۈلۈپ، بىردەم داۋاملاشتى. ئۇلار:

— مىمو ناھايىتى ئوماق، چىرايلىق ئىدى، ئۆلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىدا ھېلىقى ياۋا مۇشۇك ئۆلۈشى كېرەك ئىدى، — دېيىشتى. ئايال ئوقۇتقۇچى:

— ئەگەر ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىكى ياۋا مۇشۇك ئۆلگەن بولسا، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولاتتى، — دېدى.

ئەگەر ھەقىقەتەن مەن ئۆلۈپ «كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولغان» بولسا، بەك يامان ئىش بولغان بولاتتى. ئۆلۈم دېگەن زادى قانداق بولىدۇ، مەن ئۇنى بىلمەيمەن. شۇڭا خۇشال بولۇش ياكى قايغۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن. يېقىندا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: ھاۋا بەك سوغۇق بولغاچقا، مەن كۆل قاچىلايدىغان تۇڭغا كىرىۋالغانىدىم، ئايال خىزمەتكار بۇنى ئۇقمىغاچقا تۇڭنىڭ قاپقىقىنى يېپىۋەتتى. ئۇ چاغدىكى ئازابنى ئويلىسام ھازىرمۇ قورقىمەن. ئاق مۇشۇك قىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەم ئەگەر ئۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق

ئىچىدە سەل ئۈزۈنراق تۇرۇپ قالىدىغان بولسا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. مىمو قىزنىڭ ئورنىدا ئۆلۈشكە مېنىڭ ئەلۋەتتە باشقا پىكرىم يوق ئىدى. ئەمما، چوقۇم مۈشۈنداق ئازابلىنىپ ئۆلىدىغان ئىش بولسا، مېنىڭ ھېچكىمنىڭ ئورنىدا ئۆلگۈم يوق.

ئايال ئوقۇتقۇچى:

— ئۇ گەرچە مۈشۈك بولسىمۇ، مەن يەنىلا راھىب چاقىرىپ ئۇنىڭغا نوم ئوقۇتتۇم، دىنىي ئىسىم قويدۇردۇم، بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە ئەمدى بىرەر ئۆكۈنۈش قالمىدى، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولدى. ئۇ ھەقىقەتەن بۇ دۇنياغا بىكار كەلمەپتىكەن. ئەمما، بىرلا ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ راھىب نومنى بەك قىسقا ئوقۇپ قويدى.

ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمدە سۆزلەشكەندە مېنى ياۋا مۈشۈك دېيىشتى، نەچچە يۈز قېتىم شۇنداق دېيىشتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇ تۈگىمەس گەپلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلمىدى. مەن سېلىنچىدىن تۇرۇپ، پېشايۋاندىن چۈشكەن چېغىمدا بەدىنىمدىكى ھەربىر تال تۈكۈم تىك تۇرۇپ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتىم. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيى تەرىپكە زادى يولىمىدىم.

يېقىندىن بۇيان، سىرتلارغا چىققۇدەك غەيرىتىم زادىلا قالمىدى. نېمە ئۈچۈنكىن، بۇ دۇنيانىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن دەپ ھېس قىلىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن خوجايىنىمدىن ھېچقانداق پەرقىم

بولمىغان بىر ھۆرۈن مۈشۈككە ئايلىنىپ قالدىم. كىشىلەر خوجايىنىمنىڭ كۆن بويى كۈتۈپخانىسىدا ئۈستەلدىن قوپماي تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشىنى مۆھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن دېيىشىدىكەن. ھازىر قارىسام، بۇ گەپ ئاساسسىز ئەمەسكەن.

مەن ھازىرغىچە تېخى بىرەر چاشقان تۇتۇپ باقمىدىم، بىر ۋاقىتتا ئايال خىزمەتكار ئازۇ ھەتتا مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئېيتقان، ئەمما، خوجايىنىم مېنىڭ ئادەتتىكى مۈشۈك ئەمەسلىكىمنى ئوبدان بىلگەچكە، مەن بۇ ئائىلىدە ھازىرغىچە ياشىيالىدىم، ئەركىن لاغايلاپ يۈرەلىدىم. بۇ جەھەتتە ھەم خوجايىنىمنىڭ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىمەن، ھەم خوجايىنىمنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تالانتلىقلارنى تونۇيالىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. ئازۇ مېنىڭ قالتىسلىقىمنى بىلمىگەچكە، ھەمىشە مېنى خارلىدى، ئەمما، مەن بۇنىڭغا خاپا بولمىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي، خىدارى جىنكۈرۇ ① مېنىڭ پورتېرتىمنى بىنالارنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ئويۇپ چىقىدۇ، ياپونىنىڭ ستىرانلىرىمۇ ② پورتېرتىمنى رەختلەرگە سىزىۋاتىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ كورلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئەقىلسىزلىقلىرىدىن خىجىل بولۇشار.

---

①خىدارى جىنكۈرۇ (1594 — 1651) — جياڭفۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەشھۇر ياغاچ ئويما ئۇستىسى.

②ستېنران (1923 — 1950) — فرانسىيە رەسسامى.

## 3

مىمو قىز ئۆلۈپ كەتتى، قارا مۈشۈك بىلەن تېخى چىقىشالمىدىم، شۇڭا، بىرئاز زېرىكىپ قالدىم. بەختىمگە ئادەملەردىن سىرداش تېپىۋالغاچقا، ئۇنچىۋالا بەك زېرىكىپ كەتمىدىم. يېقىندا، بىرەيلەن خوجايىنىمغا خەت يېزىپ، مېنىڭ رەسىمىمنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆمىد قىپتۇ. يەنە يېقىندا، بىرەيلەن ئوكا يامانىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان «نومى گۈرۈچى كۆمىلچى»نى ئالاھىدە ئەۋەتىپ، ئىسمىمنى ئاتاپ ماڭا بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئادەملەرنىڭ ماڭا ھېسداشلىق قىلىشى بىلەن مەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمنىڭ بىر مۈشۈك ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىم. مەن ئۆزۈمنى ئەمدى مۈشۈك ئەمەستەك ھېس قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئىنسانلارغا يېقىنلاشتىم. مېنىڭ ئىلگىرىكى مۈشۈكلەر ئائىلىسىگە قوشۇلۇپ كېتىش ۋە ئىككى پۇتلۇق ئەپەندىلەر بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئويۇم يېقىندا كاللامدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، مەن بەزىدە ئۆزۈمنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئىستىقبالىم بار ئىكەن دېيىشكەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. بۇ مېنىڭ ھەرگىز ئۆز تۇرۇمدىكىلەرنى

كۆزگە ئىلمىغانلىقىم ئەمەس، پەقەت مىجەز ـ خۇلقىمنىڭ يېقىنلىقى، تىنچلىقنى ئىزدەپ قىلىۋاتقان ئىش ئەگەر بۇ نىيىتىدىن يېنىۋېلىش، يېنىمكىلىك، ئاسىيلىز دەپ قارىلىدىغان بولسا، مېنى خاتا ئەيىبلىگەنلىك بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، خوجايىنىم ئەنە شۇنداق تونۇشتا بولۇۋاتقان مەندەك بىر جانىۋارنى يەنىلا ئادەتتىكى، ئۇستۇشى پۇتۇنلەي تۈك بولغان بىر مۇشۇك دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇ ھەتتا ماڭا دەپمۇ قويماي، ماڭا ئەۋەتىلگەن «نومى گۇرۇچى كۇمىلىچى»نى بىمالال ئولتۇرۇپ پاك پاكىز يەۋېتىپتۇ. قارىغاندا، مېنىڭ رەسىمىمەنىمۇ تارتقۇزۇپ ئەۋەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرىدىغان ئىش، ئەمما، خوجايىن دېگەن خوجايىن، مەن دېگەن مەن، كۆزقاراشلىرىمىز ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭغا ئامال يوق.

بۈگۈن ھاۋا بەك ياخشى ئىدى، خوجايىنىم كۈتۈپخانىسىدا ئولتۇرۇپ «زاھىت» ناملىق كىتابىنى يېزىشقا باشلىدى. دەل خوجايىن مەنىسى ئېنىق بولمىغان ئاشۇ نەرسىلەرنى يېزىۋاتقاندا، باتې ئەپەندى بۇرۇنقىدەكلا ئۇسسۇپ كىرىپ كەلدى.

خوجايىنىم ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

— كەچۈرۈڭ، ئازراق ئىشىم بار ئىدى، چىقىپ كىرەي، ھازىرلا قايتىپ كىرىمەن، سىز مۇشۇكۇم

بىلەن بىردەم ئويناپ تۇرسىڭىز، — دېدى ـ دە، ئۇ باتۇ ئەپەندىنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەيلا ئىشىكتىن ناھايىتى تېز چىقىپ كەتتى. ئويلىمىغان يەردىن مەن باتۇ ئەپەندىنىڭ كۈتكۈچىسى قىلىپ قويۇلدۇم. مەن ئەمدى بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرماي، مىياۋلاپ ئۇنىڭغا قىزغىنلىق كۆرسىتىشىم، ئۇنىڭ تىزىغا چىقىۋېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

خوجايىنىم قاچان قايتىپ كىرىدىكىن، باتۇ ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ:

— سىز تېخى قايتىپ كەتمىگەنمىدىڭىز؟ — دېدى.

— تېخى قايتىپ كەتمىگەنمىدىڭىز؟ بەك ئەدەپسىزلىك بولدىغۇ بۇ. ئۆزىڭىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، ھازىرلا قايتىپ كىرىمەن دېمىگەنمىدىڭىز؟ — دېدى باتۇ ئەپەندى.

— ئۇ ھەمىشە شۇنداق دەۋېرىدۇ! — دېدى ئايال خوجايىن باتۇ ئەپەندىگە قاراپ.

باتۇ ئەپەندى خۇددى بىردىنلا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك:

— ھە راست، جانابىي كانگىمۇ كېلىدۇغۇ دەيمەن، — دېدى. خوجايىنىم ھەيران بولۇپ:

— كانگىمۇ كېلەمتى؟ — دەپ سورىدى.

— كېلىدۇ، — دېدى باتۇ، — مەن ئۇنىڭغا ئاتكىرىتكا ئەۋەتىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىن بۇرۇن كۇسامى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىڭ، دېگەن.

— قانداق ئادەمسىز؟ مېنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇل- ماسلىقىمنىمۇ سورىماي ئۆزىڭىزچىلا بۇ ئىشنى قارار قىلىۋېرىپسىز. كانگىنى بۇ جايغا چاقىرىپ بىرەر ئە- شىڭىز بارمىدى؟

— نېمە ئىش بولماقچىدى؟ ئۇنى مەن بارايلى دې- مىگەن، بەلكى كانگى ئۆزى بارايلى دېگەن. بۇ بۇرادىر فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىمەكچىمىش، ئۇ ئاۋۋال مەشىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مېنى بىر ئاڭلاپ بېقىڭ دېگەن. مەن: بەك ياخشى ئىش بوپتۇغۇ؛ ئۇنداق بولسا كۆسامىمۇ ئاڭلاپ باقسۇن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ دېدىم، سىزمۇ بىكار ئادەمغۇ، بۇ بىر ياخشى ئىش - تە! بۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق زىيىنى يوق، ئۇنىڭ نۇتۇقىنى بىر ئاڭلاپ بېقىڭا!

باتې خوجايىنىمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھە دەپ ئۆز گېپىنى يورغىلاتقىلى تۇردى. خوجايىنىم، با- تېنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىدىن سەل نارازى بولغاندەك:

— مەن فىزىكا توغرىسىدىكى نۇتۇقنى چۈشەنمەي- مەن، — دېدى.

— ئەمما، كانگى سۆزلەيدىغان نۇتۇق سۇنى ماگ- نىتلاشتۇرىدىغان جۇمەك ھەققىدىكى مەنىسىز تېما ئە- مەس، بەلكى «ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش دىنامىكىسى» توغ- رىسىدىكى يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن تېما، بىر ئاڭلاپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ، — دېدى باتې.

ئالاھازەل يەتتە مىنۇتلار ئۆتكەندە كانگى ئەپەندى ئۆز ۋاقتىدا كەلدى.

— بىرئاز كېچىكىپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئالدىر-ماي.

— بىز ئىككىيلەن خېلى ساقلىدۇق، نۇتۇقىڭىزنى تېزرەك باشلاڭ، بولامدۇ، — دېدى باتې خوجايىنىمغا قاراپ.

— بولىدۇ، — دېدى خوجايىنىم نائىلاج مۇجەمەل قىلىپ.

ئەمما، كانگى ئەپەندى يەنىلا ئالدىرىماي:

— بىر ئىستاكان قايناق سۇ بەرسىڭىز! — دېدى، ئاندىن يانچۇقىدىن ئورىگىنالىنى چىقىرىپ ئۇزۇپ-ئۇزۇپ:

— بۇ بىر مەشىق، شۇڭا تارتىنماي تەنقىد بىرەر-سىلەر، — دېگەندىن كېيىن ئاندىن نۇتۇقىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

كانگى ئانگلو ساكسونلار قوللانغان دارغا ئېسىش جازاسىدىن تارتىپ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇزۇن سۆزلىدى، نۇتۇقنىڭ ئەسلىي تېكىستى ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن، كانگى ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشنىڭ فىزىئولوگىيىلىك رولى توغرىسىدىمۇ سۆزلىمەكچى ئىكەن، باتې ئارىدا نەچچە قېتىم تاغدىن-باغدىن ئۇنىڭ سۆزىگە لوقما سالدى،

خوجايىنىممۇ ئۇنىڭغا قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي ھە دەپ ئەسنىگىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن كانگى ئىلاجىسىز نۇتۇقىنى ئوتتۇرىدىلا توختىتىپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بىر كۈنى، خوجايىنىمنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز بىر ئايال مېھمان كەلدى، ئۇ ناھايىتى پۈزۈر كىيىنگەنىدى. ئۇنىڭ بۇرنى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن بۇ خانىمنى «يوغان بۇرۇن خانىم» دەپ ئاتاش نىيىتىگە كەلدىم.

«يوغان بۇرۇن خانىم» ناھايىتى تەكەببۇر كۆرۈنەتتى، خوجايىنىم ئۇنىڭغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلدى.

— بىر ئىشتا سىزدىن مەسلىھەت ئالاي دەپ سىزنى زىيارەت قىلىپ كەلدىم، — ئارىدىكى بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، «يوغان بۇرۇن خانىم» سۆزىنى باشلىدى:

— مەن بۇ يەرگە يېقىنلا يەردىكى — ئالدىمىزدىكى كىچىك كوچا ئاغزىدىكى ساندائىچى قورۇسىدىن.

«يوغان بۇرۇن خانىم» ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ توي ئىشى بىلەن خوجايىنىمدىن كانگى ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن.

— بۇ گەپچە سىز قىزىڭىزنى كانگىغا بەرمەكچى ئىكەنسىز دە! — دېدى خوجايىنىم.



«يوغان بۇرۇن خانىم» دەرھال خوجايىنىمغا گەپ ياندۇردى:

— مەن تېخى قىزىمنى ئۇنىڭغا بېرىمەن دېمىدىمغۇ، نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ بىز بىلەن قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلدى، قىزىمنى ئۇنىڭغا بېرىش - بەرمەسلىكىم ھېچقانچە بىر ئىش ئەمەس.

— ئەمىسە نېمىشقا كانگى ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرىسىز؟ — خوجايىنىمۇ ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. «يوغان بۇرۇن خانىم» بىلەن خوجايىنىم جانابىي كانگى «يوغان بۇرۇن خانىم»نىڭ قىزىنى ياخشى كۆردىغان - كۆرمەيدىغانلىقى ئۈستىدە خېلى ئۇزۇنغىچە تالاشتى. دەل شۇ چاغدا مېھمان بولۇپ كەلگەن باتې ئەپەندى خۇددى بىر گۇۋاھچىدەك كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بىر چەتتە قاراپ ئولتۇراتتى.

«يوغان بۇرۇن خانىم» ئاخىر ئەدەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاڭلىسام كانگى ئەپەندىمۇ تېبىئىي پەن ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىمىش، ئۇ زادى قايسى پەننى ئۆگىنىدىكەن؟

— ئۇ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا يەر شارى ماگنىت ئىلمىنى تەتقىق قىلىدىكەن، — خوجايىنىم ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى.

ئەپسۇسكى، «يوغان بۇرۇن خانىم» بۇ گەپنىڭ

مەنىسىنى ئۇقمايدىكەن. ئۇ ناھايىتى ھەيران بولۇپ:

— ھىم ... ئاشۇ ئىشنى تەتقىق قىلىپمۇ دوكتور بولغىلى بولامدىكەن؟ — دېدى.

— سىز ئەگەر كانگى دوكتور بولالمىسا قىزىمنى ئۇنىڭغا بەرمەيمەن دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى خوجا-يىنىم نارازى بولغان ھالدا.

«يوغان بۇرۇن خانىم» كانگى ئۇستىدە نۇرغۇن تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن ئۇششاق - چۇش-شەك مەسىلىلەرنى سورىدى، ھەتتا يەنە جانابىي كانگى خوجايىنىمغا ئەۋەتكەن ئاتكىرىتكىنىمۇ كۆرۈپ باقتى. سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا ئۇ يەنە تەپ تارتماستىن:

— ئالدىڭلاردا ھەقىقەتەن خىجىلمەن، سىلەرنى ئاۋارە قىلدىم. مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى كانگى ئەپەن-دىگە ھەرگىز دەپ سالمىساڭلار، — دېدى.

باتي ئەپەندى بىلەن خوجايىنىم سوغۇققىنا: «بولىدۇ»دېدى.

«يوغان بۇرۇن خانىم»ئورنىدىن تۇرۇپ تەنتەنە بىلەن — ئۇزۇن ئۆتمەي سىلەرگە ئازراق كۆڭلۇمنى بىلدۇرىمەن، — دېدى.

ئىككىيلەن«يوغان بۇرۇن خانىم»نى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىپ، ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا:

— زادى قانداق خوتۇن بۇ؟ — دېدى. خوجايىنىم ناھايىتى نارازى بولغان ھالدا ئاچچىق بىلەن:

— ئۇ خوتۇننىڭ چىرايى زادى دىتىمغا ياقمىدى، — دېدى.

مەن ئىلگىرى ئۇدۇلىمىزدىكى ئۇ كىچىك كوچىغا زادىلا بېرىپ باقمىغان. كوچىا ئاغزىدىكى ساندائىچى قورۇسى زادى قانداق پەقەت كۆرۈپ باقمىغان. ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ تېخى بۈگۈن ئاڭلاۋاتىمەن. «يوغان بۇرۇن خانىم» بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ قىزىنىڭ چىراي-تۇرقى، ئۇلارنىڭ بايلىقى ۋە ئورنىنى پەرەز قىلىشقا باشلىدىم. بۇنىڭ بىلەن، گەرچە ئۆزۈم بىر مۇشۇك بولسامۇ، ئەمدى پېشايۋان ئاستىدا خاتىرجەم ھالدا ياتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. مەن دەرھال ساندائىچى ئائىلىسىگە بېرىپ بىر كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. ئېچىنىشلىق يېرى، مەن بىر مۇشۇك بولغانلىقىم ئۈچۈن ئادەملەردەك سۆزلىيەلمەيتتىم؛ گەرچە ساندائىچى قورۇسىغا كىرەلىگىنىم، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق كۆزەتكىنىم بىلەنمۇ بۇ ئىشلارنى كانگى ئەپەندى، خوجايىنىم ۋە باتې ئەپەندىلەرگە سۆزلەپ بېرەلمەيتتىم. بۇلارنى ئويلاپ كەتكىنىم بەك ئەخمەقلىق ئىدى، ئەڭ ياخشىسى بولدى قىلاي، دەپ ئويلاپ ئاشخانا ئىشىكىدە ئىككىلىنىپ ئۆزۈنغىچە تۇردۇم.

ئەمما، قىلماقچى بولغان ئىشتىن يېرىم يولدا ۋاز كېچىش خۇددى يامغۇرغا جىددىي تەشنا بولغاندا يام-غۇرلۇق بۇلۇتنىڭ ئەكسىچە ياغماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقاد-ىلىقىدەك ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەگەر ھەقىقەت بىز تەرەپتە بولمىسا، بۇ ئىش يەنە باشقىچە بولاتتى. ئەمما، ئادالەت ئۈچۈن، ئىنسانپەر-ۋەرلىك ئۈچۈن بۇ ئىشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمى-سىمۇ، بىكارغا قۇربان بېرىلسىمۇ ئۇنى ئاخىرغىچە بىر قىلىپ بېقىش كېرەك ئىدى. مانا بۇ مەجبۇرىيەت دې-گەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئەركەكنىڭ جا-سارىتى ئىدى. بىر مۈشۈك بولغان مەن ئۈچۈن بۇ كۆ-چىنى بىكار ئىسراپ قىلىش، ئۆزىنى بىكاردىن ـ بىكار بۇلغاش بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يانماسلىقىم كېرەك ئىدى. مەن بىر مۈشۈك بولغاچقا، كانگى، باتې، كۇسامى ئەپەن-دىلەر بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان ئۇپېرىماس تىلىم يوق ئىدى، ئەمما، دەل مۈشۈك بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقىلار-نىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە كىرىش قابىلىيىتىم بۇ ئۈچ ئەپەندىدىن ئارتۇق ئىدى. مەن ئادەملەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايمەن، بۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ئىدى. مەن گەرچە ئۆزۈم يالغۇز بېرىپ، ئاندىن ساندانە-چى ئائىلىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىۋالالايدىغان بولسامۇ، ئەمما، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى ھېچكىمنىڭ بىلمىگىنىدىن كۆپ خۇشاللىق ئىش ئىدى. گەرچە مەن

بۇنى ھېچكىمگە ئېيتالمىساممۇ، لېكىن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىمۇ باشقىلارنىڭ بىلىۋالغانلىقىنى ئۇقتۇرالىسامىلا، بۇ مەن ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ئىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ خۇشال ھېسسىيات مېنى بۇ ئىشنى قىلىشقا ئۈندىدى، شۇڭا، مەن بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك.

مەن ئالدىمىزدىكى كىچىك كوچىغا بىرىپ قارىسام، راستىنلا بايا ئاڭلىغاندەك كوچا ئېغىزىدا چەت ئەل پاسونىدىكى بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن بۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنىمۇ خۇددى مۇشۇ چەت ئەل پاسونىدىكى ئىمارەتكە ئوخشاشلا ھاكاۋۇر بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

مەن دەرۋازىدىن كىرىپ، بۇ ئىمارەتكە بىردەم قاراپ تۇردۇم. بۇ چەت ئەل پاسونىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئادەمنى بىر خىل سۇرلۇك تۇيغۇغا كەلتۈرگەندىن باشقا، ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىكى بولمىغان، ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك بىر ئىمارەت ئىكەن.

مەن ساندائىچىلەرنىڭ قورۇسىغا كىرىپ، «يوغان بۇرۇن خانىم» نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

ــ ھۆ ياللاغۇز ئوقۇتقۇچى، تېخى ئۆزىنى بىلمەي ھەددىدىن ئاشقىنىنى!

ــ شۇنداق، ھەقىقەتەن بەك ھەددىدىن ئېشىپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ، ئوبدان بىر ساۋاق

بېرىپ قويايلى. ئۇ ئىشلەيدىغان مەكتەپتە بىزنىڭ يۇرتلۇقلىرىمىز بارغۇ! — دېدى ساندائىچى غوجام. ئۇلار ئۇ بىرنېمە، بۇ بىرنېمىلەرنى دېدى، ئەمما، غەلىتە يېرى، خەنيۇ ئەپەندىنى زادى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇلار مەن كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ ھەقتە سۆزلىشىپ بولدىمۇ ياكى خەنيۇ ئەپەندى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي نەزەردىن قالدىمۇ ئۇقمىدىم. ئارقىدىن ساندائىچى ئائىلىسىدىكى خان قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئەمما، ئۇنىڭ جامالىنى كۆرەلمىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يوغان بۇرنى بارمۇ، ئۇقالمىدىم.

ساندائىچى قورۇسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاجايىپ كاتتا، ھەيۋەتلىك سارايدىن بىردىنلا پاسكىنا بىر جايغا قايتىپ كەلگەچكە، خۇددى قۇياش نۇرى يالتىراپ تۇرغان جايدىن بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم، شۇنداقلا بىر كاپىتالىستىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىغا قارىغاندا ھەقىقەتەن كۆپ كاتتا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مېھمانخانىغا كىرسەم، باتې ئەپەندى تېخى قايتىپ كەتمىگەنىكەن. كانگى ئەپەندىمۇ قاچانلاردۇر كەلگەنىدى.

ئۇلار بۈگۈن «يوغان بۇرۇن خانىم»نىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلىشىشكە باشلىدى.

— ئۆزىنى ساندائىچىنىڭ خوتۇنىمەن دەيدىغان بىر

ئايال بىرنىڭكىگە كىلىپ سىنىڭ ئىشىڭنى سوراپ كەتتى، — دېدى خوجايىن جىددىي تۇردە.

— مېنىڭ ئۆزىمنىڭ قىزىنى ئىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ كەپتۇمۇ؟ — دېدى كانگى ئەپەندى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.

— خاتالاشتىڭىز. بۇ كاتتا خانىمنىڭ بۇرنى بەكمۇ چوڭكەن...، — دېدى باتىي ئەپەندى. ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، خوجايىنىم قىزىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى:

— بۇ ھەقتە مۇنداق بىر بېيىت يېزىشقا بولىدۇ:

بۇ بۇرۇنغا قىلايلى تەنتەنە،
سۇنايلى ئۇنىڭغا ئىسىل شاراب.

— قىزىقكەن، قىزىقكەن، — دېدى جانابىي كانگى ھەجىيىپ.

خوجايىنىم بۇ چاغدا ئولتۇرۇپ، ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن:

— ئۇنداق كىشىلەرنىڭ قىزىنى كىم ئالاتتى؟ جانابىي كانگى، سىز ئۇنىڭ قىزىنى ئالسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ، — دېدى. بۇ چاغدا مەن ئىككى قېتىم مىياۋلاپ قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۇردۇم.

جانابىي كانگى ئۆزىنىڭ تىتىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى زادىلا ئاشكارىلىماي:

— ئىككى ئەپەندى مۇشۇنداق دەپ قارىغانىكەن، مەن بۇ نىيىتىمدىن يانمىسام بولمىغۇدەك. ئەمما، قارشى تەرەپ شۇ سەۋەبتىن ئاغرىپ قالسا، مەن بۇ مەسئۇلدىيەتتىن ئۆزۈمنى قاچۇرالمايمەن.

خوجايىنىم ئاچچىقىنى باسالمىغان هالدا:

— ئۇ هەرگىز ئاغرىپ قالمايدۇ، ئۇنداق ئايالنىڭ قىزى چوقۇم هەرگىز ياخشى ئادەملەر ئەمەس، — دېدى.

## 4

مەن يەنە بۇرۇنقىدەكلا غىپپىدە ساندائىچى قورۇسىغا كىردىم.

ئادەمنىڭ بىر قېتىم قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم قىلغۇسى، بىر قېتىم سىناپ باققاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سىناپ باققۇسى كېلىدىكەن. بۇ هەرگىز پەقەت ئادەملەرگىلا خاس بولغان قىزىقىش ئەمەس.

ساندائىچى ئەپەندىنىڭ بۈگۈن خوجايىنىمنىڭ ئىلگىرىكى ساۋاقدىشى سۇزۇكى ئەپەندىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانلىقى خىيالىمغىمۇ كەلمەپتىكەن، ئۇلار خوجايىنىمنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن رەنجىشكەندىن كېيىن، ساندائىچى ئەپەندى سۇزۇكى ئەپەندىدىن خوجايىنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا نەسىهەت قىلىشىنى، ئۇنىڭ كانگى ئەپەندى بىلەن ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ توي ئىشىغا قارشى تۇرماسلىقنى ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

سۈزۈكى ئەپەندى ساندائىچى ئەپەندىنىڭ ياردىمى بىلەنلا توكيوغا يۆتكىلىپ كېلەلىگەنىدى، شۇڭا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

شۇڭا، مەن سۈزۈكى ئەپەندى قەدەم تەشرىپ قىلىشتىن ئىلگىرىلا ئۆيگە قايتىپ كېلىۋالدىم.

سۈزۈكى ئەپەندى خوجايىنىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— سېلىنچا ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇڭ، ئەزىز مېھمان! توكيوغا قاچان كەلدىڭىز؟ — دېدى خوجايىنىم كونا دوستىنى سېلىنچا ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ.

— ھەقىقەتەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، سىزگە خەۋەر قىلالماي قالدىم. مەن يېقىندا توكيودىكى باش شىركەتكە يۆتكىلىپ كەلدىم...

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بىز كۆرۈشمىگىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى.

— شۇنداق، ئون يىلدەك بولدى.

ئىككىيلەن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ، بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئاساسىي گەپكە ئۆتتى:

— ئويلاپ بېقىڭ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى باي، چىرايىمۇ بەك كېلىشكەن، ئۇ نەگىلا بارمىسۇن خېلىلا تۇزۇك ئادەمگە ياتلىق بولالايدۇ. ئېھتىمال كانگى ئەپەندى قالتىس كىشى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، بايلىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا...... ئۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى

قىزنىڭ ئىشى ئۇچۇن ئالاھىدە مېنىڭ بۇ يەرگە كې-
لىپ سىز بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشىمنى ھاۋالە قىلدى،
بۇ قىزنىڭ كانگى ئەپەندىگە كۆڭلى بارلىقىنى بىلدۇر-
مەمدۇ؟ — دېدى سۇزۇكى ئەپەندى بۇ توغرىدا ئاجايىپ
چۈشەنچە بېرىپ.

بايا ئېيتقاندەك، ساندائىچى ئەپەندىنىڭ قارشى تەرەپ
بايمۇ ـ ئەمەسمۇ دېگەنلەر بىلەن كارى يوق ئىكەن، پەقەت
ئۇنىڭ بىرەر سالاھىيەتكە ئېرىشىشىنىلا ئۈمىد قىلى-
دىكەن، يەنى ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.
ئەگەر يىگىت دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالالىسىلا، قىزىنى
ئۇنىڭغا بېرىشنى خالايدىكەن. قىز تەرەپ بۇ شەرتتە
ناھايىتى چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ. ... ياق، ياق، ھەرگىز چىڭ
تۇرۇۋالمايدىكەن، ھەرگىز ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمى-
سۇن. ئالدىنقى كۈنى، ساندائىچى خانىم بۇ يەرگە كەل-
گەندە باتې ئەپەندىمۇ بار ئىكەن، ئۇ بەزى قالايمىقان
گەپلەرنى قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ ھەرگىز سىزنى يامان
دېگەنلىك ئەمەس، ساندائىچى خانىم سىزنى كۆپىنى
كۆرگەن، دۇرۇس ئادەم ئىكەن دەپ ماختىدى. بۇ ھەممى-
سى باتېنىڭ سەۋەنلىكى. شۇڭا، ئەگەر ئۇ دوكتور بولا-
لىسا، ساندائىچى ئەپەندىنىڭ باشقىلار ئالدىدا يۈز ـ ئاب-
رۇيى بولىدۇ. سىزنىڭچە قانداق؟ يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە
كانگى ئەپەندى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلاپ
دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالالارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ساندائىچى

ئەپەندىمۇ دوكتور دېگەندەك ئۇنۋانلارغا ھەرگىز پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى، ئەمما، جامائەت پىكرى بىلەن ھېسابلاشماي بولمايدۇ ـ دە!

ئىش دېگەننى مۇنداق ئاددىيلا قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ ـ دە!

— ئىش شۇنداق ئىكەن، كېيىنكى قېتىم كانگى ئەپەندى كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى يېزىشنى ئېيتاي. ئەمما، كانگى ساندائىچىنىڭ قىزىنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلامدۇ ـ يوق، بىر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي.

سۈزۈكى ئەپەندى دەرھال تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، باتىنى ئەيىبلەۋاتقان چاغدا باتي ئارقا ئىشىكتىن غىپپىدە كىرىپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن پاراڭغا چۈشتى.

سۈزۈكى ئەپەندىمۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— مەيلى قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا مال ـ دۇنيا بىلىمگە تەڭ بولالمايدۇ، شۇڭا، ھازىر بىلىمگە ھېچقانداق بىرەر ھەق بېرىلمەيدىغان بولدى. بۇ پرىنسىپنى ھازىرقى مەسىلىلەرگە تەتبىقلىساق بولىدۇ. ساندائىچى دېگەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدى؟ ئۇ، ئۇ پەقەت بىر كۆچمە پۇلنىڭ قىزى ناھايىتى قالتىس بولغاندىمۇ پەقەت بىر ۋاراق كۆچمە چەكلا خالاس. ئەمدى كانگىگە قاراپ باقايلى، ئۇ ئالىي

بىلىم يۇرتىنى بىرىنچى دەرىجىدە پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى. ئەگەر مەن ئۆز قارىشىم بويىچە كانگىگە باها بېرىدىغان بولسام، ئۇ بىر كۆچمە كۇتۇپخانا، بىلىمدىن ياسالغان 28cmلىق زەمبىرەك ئوقى، بۇ زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارتلاش ۋاقىت ـ سائىتى توشتى. ئەگەر ئۇ ئىلىم ساھەسىدە پارتلايدىغانلا بولسا، قېنى شۇ چاغدا ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرۈڭ. ئۇ چوقۇم پارتلايدۇ...، — ئۇ سۆز-لەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆز ئادىتىگە خاس بولغان سۆزلەرنى دەرھال تاپالماي تەمتىرەپ قالدىيۇ، يەنە دەر-ھال سۆزنىڭ ئاخىرىنى تېپىۋالدى. مۇنداق كۆچمە چەك ھەرقانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ يەنە بەربىر كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە، كانگىگە ھەرگىز ئۇنداق ئايالنى تونۇشتۇرماسلىق كېرەك. مەن بۇنىڭغا قوشۇل-مايمەن. بۇ خۇددى ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق پىل بىلەن ئەڭ ئاچ كۆز چوشقا ئىككىسىنى قوشۇپ قويغاندەكلا بىر ئىش. شۇنداقمۇ، جانابىي كۇسامى؟

سۇزۇكى ئەپەندىنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

پاراڭ ئاستا ـ ئاستا ساندائىچى توغرىسىدىكى ئىش-لاردىن چەتنەپ كەتتى. ئاخىر سۇزۇكى ئەپەندى ئورنىدىن قوزغىلىپ خوشلاشقاندا، باتې ئەپەندىمۇ قايتماقچى بول-دى.

## 5

ئاڭلىسام مۇشۇكلەر كۈيلىگەندە باھار كېلىدۇ دەيدىغان قىزىقارلىق بىر گەپ بار ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھەر يىلى باش باھار مەزگىلىدە مۇشۇكلەر ھەممە يەردە چېپىشىپ، سەت چىرقىرىشىپ يۈرىدىغان بولغاچقا، كېچىسى مەھەللىلەردە كىشىلەر خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىكەن. ئەمما، ھازىر مەن تېخى ئۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ باقمىدىم. مۇھەببەت ئەسلىدە ئالەمنىڭ ھاياتىي كۈچى. يۇقىرىسى مۇھەببەت ئىلاھى چۈبىتتىن تارتىپ ئەڭ تۆۋىنى توپا ئاستىدىكى سازاڭ، موزايۋېشىلارغىچە بارلىق مەۋجۇداتلار مۇھەببەت ئالدىدا مەستانە بولۇپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدۇ، مۇشۇكلەرمۇ بۇنىڭدىن ئاز بولسىمۇ خۇشاللىق تاپىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا تەبىئىي ھالدا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى پەيدا قىلىدىغان شەھۋانىي ئويلار پەيدا بولىدۇ. ئويلىسام، ھازىر مىمو قىزنى شۇنداق بەك سېغىنىدىم. ئەمما، مۇشۇ تاپتا گەرچە بەزى ئىشلار مېنى ئېزىقتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەندە ئۇنداق نىيەت زادىلا يوق ئىدى، بۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن؟! ھازىرقى ئەھۋالىمنى ئالسام، پەقەت ئۇخلاپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشنىلا ئويلايتتىم. دېمەك، مۈگدەپ شۇ ھالغا كېلىپ قالغان ئىكەنمەن، مۇھەببەتلىشىشكە ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى.

مەن ئالدىرىماي ئۆيقۇغا كەتتىم...

خوجايىنىم كۇتۇپخانىسىدىن چىقىپ ياتاق ئۆيىگە ئۇخلىغىلى كىرگەندە، مەن بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتىم. تۈن يېرىم بولغان، ئۆيدىكىلەر ھەممىسى قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەندى. ئاشخانىنىڭ لەمپىسى ئىككى قېتىم يېنىك چېكىلدى، غەلىتە ئىش. بۇ يېرىم كېچىدە كەلگەن كىمدۇ؟ مەن بۇ چاشقانمۇ نېمە دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقان ۋاقتىمدا، يەنە تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدىم. ئارقىدىن دالان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئاستا ئىتتىرىپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، دېمەك بۇ چاشقان ئەمەسكەن. بۇ ئادەم، ئوغرى ئىكەن. ئۇ كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەتتى.

بۇ چاغدا مەن دەرھال بېرىپ خوجايىن ئەر - ئايالنى ئويغىتىش كېرەكلىكىنى ئويلىدىم. ئەمما، بۇ ئىشنى راستىنلا قىلماقچى بولغاندا، ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئويغىتىش توغرىسىدا بىرەر ياخشى چارە تاپالماي قالدىم. يوتقاننىڭ بۇرجىكىنى چىشلەپ ئىككى - ئۈچ سىلكىگەن بولسامۇ پايدىسى بولمىدى. مەن سوغۇق بۇرنۇمنى خوجايىنىمنىڭ يۈزىگە سۈركەپ باقسام بەلكىم ئۇ ئويغىنىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم، ئەمما، ئەمدىلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىمغا، كۇتۇلمىگەندە خوجايىنىم ئۇيقۇلۇقتا بىلىكىنى كۈچ بىلەن بىرلا سىلكىۋىدى، قولى بۇرنۇمغا قاتتىق تېگىپ كەتتى. بۇرۇن دېگەن مۈشۈكلەرنىڭ جان يېرى. بۇرنۇم چىدىغۇسىز ئاغرىپ

كەتتى. مەن مىياۋلاپ ئۇنى ئويغىتاي دەپ ئويلىدىم، ئەمما، نېمە بولدىكىن، خۇددى گېلىمغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ھەرقانچە قىلساممۇ ئاۋازىم چىقمىدى. بىر-دىنلا ئوغرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن قەغەز توسۇق بىلەن ساندۇقنىڭ ئارىسىغا مۆكۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم.

ئوغرى خوجايىنىم ھېلىلا كۈتۈپخانىغا تاشلاپ قويۇپ چىققان يۇڭ ئەدىيالنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغا-نىدى. بۇ چاغدا خوجايىنىم تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ: «كانگى » دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ئوغرى بىرلا چۆچۈپ ئاستا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما، خوجايىنىم يەنە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ «كانگى» دەپ ۋارقىرىشى ئۇنىڭ جۆيلۈشى ئىكەن. ئوغرى دالاندا بىردەم تۇرۇپ، خوجايىنىم ئەر-ئايالنىڭ يەنىلا قاتتىق ئۇخلاۋاتقانلى-قىنى بىلگەندىن كېيىن قايتا ئۆيگە كىردى. ئوغرى ئېڭىشىپ خوجايىنىمنىڭ ئايالىنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ ياتقاندىكى ھالىتىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈندۇر كۈلۈپ قويدى، ھەتتا ئۇنىڭ كۈلۈشىمۇ كانگىگە پۈتۈنلەي ئوخشايتتى. بۇ مېنى بەك ھەيران قالدۇردى.

خوجايىنىمنىڭ ياستۇقىنىڭ يېنىدا مىخلاپ يا-سالغان بىر كىچىك ياغاچ ساندۇق بار ئىدى. ئۇنىڭدا جانابىي تاداۋاخىنى سوۋغا قىلغان پىچەككۈل بار ئى-دى. گەرچە پىچەككۈلنى ياستۇق يېنىغا قويۇپ

قويۇش ئاز ئۇچرايدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايال تاماقتا ئىشلىتىدىغان ئاق شېكەرنىمۇ بۇ ساندۇققا سې-لىپ قوياتتى. بۇ ئايال نېمىلەرنى نەگە قويۇش، نېمە-لەرنى قويماسلىق دېگەنلەرنى زادىلا بىلمەيتتى. ئوغرى ئايال خوجايىنىنىڭ بۇنداق ئادىتىنى بىلمىگەچكە، سان-دۇقنى بىر قىممەتلىك بۇيۇم دەپ قالغان بولسا كېرەك. ئوغرى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ باقتى، ئېغىر ساندۇق ئۇنىڭ ئويىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان بولسا كېرەك. ئوغرى پىچەكگۈلنى ئوغرىلايدىغان بولدى دەپ ئويلاپ بىردىنلا مېنى كۆلكە قىستاپ كەتتى. ئەمما، مەن ھەرگىزمۇ خالىغانچە قاتتىق ئاۋاز بىلەن كۈلەلمەيتتىم. خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە ئۆزۈمنى تۇتتۇۋالدىم.

بۇ ئوغرى دەرھال ساندۇقنى ئەدىيال بىلەن ئاۋايلاپ ئورىدى، يەنە خوجايىنىمنىڭ خانىسىدىكى كىيىملەرنى ئېلىپ ئاستا چىقىپ يىراقلاپ كەتتى.

ئەلۋەتتە مەنمۇ بەزىدە ئارام ئېلىشىم كېرەك، مۇنداق توختىماي ۋاتىلداۋەرسەم چىداشلىق بېرەلمەي قالىمەن. مەن راسا تاتلىق بىر ئۇخلاپ ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچ-سام، ئەر ـ ئايال خوجايىنىم ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدە ساقچىلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپتۇ.

ساقچى ئوغرىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئوغرىلىققا كىر-گەنلىكىدەك مەسىلىلەرنى سوراپ، خوجايىنىمدىن بىر

پارچە يازما دوكلات يېزىپ بېرىشنى، شۇنداقلا ئوغرىلاندىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يېزىپ تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

كۈتۈلمىگەندە، دەل شۇ چاغدا خوجايىنىمغا پىچەككۈل سوۋغا قىلغان جانابىي تاداۋاخىئى مېھمان بولۇپ كېلىپ قالدى. ئۇ خوجايىن بىلەن تۇنۇگۇن كېچىدىكى ئوغرىلىق ئىشى توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

— مېنىڭچە، بۇ مۈشۈك بەكلا قاملاشماپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتى زادى نېمە؟ ياكى چاشقان تۇتمىسا، ئۆيگە ئوغرى كىرسىمۇ كارى بولمىسا، ئەپەندىم، ئۇنى ماڭا بېرىۋېتىڭ، بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئازراقمۇ پايدىسى بولمىسا، بىكارغا بېقىپ نېمە قىلىسىز؟! — دېدى جانابىي مىخبىي.

— سىزگە بەرسەممۇ مەيلى، ئۇنى نېمە قىلىسىز؟

— پىشۇرۇپ يەيمەن!

خوجايىنىم تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ دىمىغىدا كۈلۈپلا قويدى، باشقا گەپ قىلمىدى. جانابىي تاداۋاخىئى بۇ مۈشۈكنى زادى يەيمەن دەپ تۇرۇۋالمىدى، بۇ ھېچبولمىغاندا مېنىڭ بەخت ـ تەلىيىم ئىدى.

كېيىملىرى ئوغرىلاپ كېتىلگەچكە، خوجايىنىم تۇڭلاپ كەتكەندى. خوجايىنىمنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن جانابىي تاداۋاخىئى خوجايىنىمغا:

— ئوقۇتقۇچى بولماڭ، كارخانىچى بولغانغا يەتمەيدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

— مەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن بىزار، ئەمما، كارخانىچى بولۇشتىن تېخىمۇ بىزار! — دېدى خوجايىنىم.

خوجايىنىم سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرمىلى دې-گەچكە، ئىككىيلەن چىقىپ كەتتى.

ئەمدى مەنمۇ ئارام ئېلىشىم كېرەك ئىدى. بايا جانابىي تاداۋاخىنى مېنى ئارام ئېلىشتىن باشقا ھېچ-قانداق بىر ئىقتىدارى بولمىغان كېرەكسىز نەرسە دەپ تىللىغاچقا، يۈرىكىمدە بىر يارا قالدى. ئومۇمەن ئالغاندا، دۇنيادىكى چاكىنا كىشىلەر يالىڭاچ بولۇپ تەر ئاققۇز-مىسا ئەمگەك قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ دەپ قارىسا كې-رەك. ئۇلار مېنىڭ ھاياتىي كۈچى باشقا ھەر قانداق ئادەمگە قارىغاندا ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئىلىم ئىگىلىرىنى كالۋا، چاكىنىلار دەپ ئورۇنسىز قارىلايدۇ، سامان قور-ساق كېرەكسىز نەرسىلەر دەپ تىللايدۇ. بۇ ئادەم تەنلىك مەخلۇقلار ئەزەلدىن پەقەت كىشىلەرنىڭ تاشقى ھالىتى-نىلا كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان تۇغما كەمتۈكلەردۇر. بايىقى جانابىي تاداۋاخىنى ئەنە شۇنداق پەقەت كىشىلەرنىڭ تاشقى ھالىتىنىلا كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان تۇغما كەمتۈكلەردۇر. بايىقى جانابى تاداۋاخىنى ئەنە شۇنداق پەقەت كىشىلەرنىڭ باش ۋەكىلى، شۇڭا بۇ جانابنىڭ ھېلى مېنى «ماياق» تۇرى-دىكى مەخلۇق دېيىشى ھەرگىز ھەيران قالارلىق ئىش ئە-مەس. ئەپسۇسكى، خوجايىنىم گەرچە قەدىمكى ۋە ھازىرقى

كىتابلارنى ئوقۇغان، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ھەرھالدا چۈشىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئاشۇ بىلىمى چاغلىقلا بولغان جانابىي مىخىي پىكرىگە يۈزدە يۈز قوشۇلدى. ئەمما، سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىغاندا، ئۇلارنىڭ مېنى شۇ دەرىجىدە كەم سۆندۈرۈشى زادىلا ئاساسسىزمۇ ئەمەس. چۈنكى، قەدىمدىن بۇيان: «ۋارقىراش پۈقرالار قۇلىقىغا ياقمايدۇ»، «باھاردىكى قار»، «ئېگىز پەدىگە جور چىقماس» دېيىلگەن ئەمەسمۇ! مەنمۇ مۇشۇ چاكىنا كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەچكە، ئورنۇمنى تۆۋەنلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ چاكىنا مۇشۇك بولۇپ قالدىم. چاكىنا مۇشۇك بولماقچى بولغان ئىكەنمەن، ئەمدى چاشقان تۇتۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاخىر چاشقان تۇتۇش نىيىتىگە كەلدىم.

ئالدىنقى مەزگىلدە، ياپونىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش يۈز بېرىپتۇ. مەن ياپون مۇشۇكى بولغاچقا، ئەلۋەتتە ياپونىيىگە يان باسىمەن ـ دە! مەن ھەتتا ئەگەر ئىمكانىيەت بولىدىغان بولسا، مۇشۇكلەردىن ئارىلاش بىرىگادا تەشكىللەپ، رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بەدەنلىرىنى تاتىلاپ ـ تاتىلىۋەتسەك دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ مۇشۇ غەيرىتىمدىن قارىغاندا، مەن خالىسساملا بىر ـ ئىككى چاشقان تۇتۇش دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى مېنىڭ چاشقان تۇتماسلىقىم خالىمىغانلىقىمدىن ئىدى. مەن بۈگۈن ئاخشام ئالاھىدە

خىزمەت كۆرسىتىپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ قارىشى-
نى تولۇقلىمەن ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلدىم.

قاراڭغۇ چۈشكەندە تام ئىشكاپتىن تىرىسلىغان ئاۋاز
ئاڭلاندى، قارىغاندا، چاشقان كىچىك تەخسىنىڭ گىرۋى-
كىگە چىقىۋېلىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى غاجىلاۋاتقان-
دەك قىلاتتى. مەن: بۇ يەردىن چىقىپ قالامدۇ ـ قانداق؟
دەپ بىر تۆشۈكنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇردۇم. قارىغاندا،
ئاسانلىقچە چىقمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەمدى بايىقى تى-
رىسلىغان ئاۋاز توختاپ، چاشقان چوڭ چىنىگە ياماش-
قاندەك قىلدى، ئەمدى ھەدەپ بوغۇق ئاۋاز چىقىشقا باش-
لىدى. چاشقان ئىشكاپ ئىچىدە بولۇپ، بىزنى پەقەت
ئىشكىلا ئايرىپ تۇراتتى، ھازىر بۇ دۈشمەن
پات ـ پات تۆشۈك ئاغزىغا كېلەتتىيۇ، يەنە ئىچىگە كى-
رىپ كېتەتتى. بىرەر چاشقانمۇ تۆشۈكتىن بېشىنى
چىقارماي، ئىشكاپ ئىچىدە ھە دەپ ئەسكىلىك قىلىۋا-
تاتتى، مەن ئىلاجسىز نەپسىمنى توختىتىپ تۆشۈك
ئاغزىدا ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، ئىچىم بەك
تىتىلداپ كەتتى. چاشقان ئىشكاپتىكى چىنە ـ تەخسىلەر
ئۈستىدە ھە دەپ سەكرەپ يۈرەتتى. ئەگەر ئايال خىز-
مەتچى ئازۇ ئىشكاپ ئىشىكىنى سەل ئېچىپ مەن قى-
سىلىپ كىرەلىگۈدەكلا بىر يوچۇق ئېچىپ بەرگەن
بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ئەمما، ھازىر
ئىشكاپ ئىشىكى چىڭ يېپىقلىق ئىدى. ئازۇ ھەقىقەتەن
بەك ئەخمەق ئىدى.



تۇيۇقسىز ئۇچاق بىشىدىكى قاراڭغۇ جايدا مەن يەپ تاشلىغۇتكەن بىلىق سۆڭىكى تىرىققىدە قىلىپ قالدى. مەن: ئەمدى ياخشى بولدى، دۈشمەن بۇ تەرەپتىن چىقىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. مەن ئاستا يېقىنلاپ باردىم ـ دە، سوغىنىڭ يېنىدىكى يوچۇقتا چاشقاننىڭ قۇيرۇقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئەمما، ئۇ غىپلا قىلىپ كۆكتات يۇيىدىغان داسنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، تازىلىق ئۆيىدىكى ئېغىز چايقايدىغان كۇرۇشكىنىڭ «تاڭ» قىلىپ ۋاننىغا چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن: ھۇ ئەبلەخ! ئەمدى ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم. ئەمدىلا ئۆرۈلۈشۈمگە يوغان بىر چاشقان چىش يۇيۇش تالقىنى قاچىلانغان خالتىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپ، پولنىڭ تېگىگە قاراپ قاچتى.

—قېنى نەگە قاچىسەن؟! — مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم، لېكىن ئۇ ئەبلەخنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قارىغاندا، چاشقان تۇتۇش دېگەن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك ئۇنداق ئاددىي ئىش بولمىسا كېرەك ۋە ياكى مېنىڭ ئەسلىدىنلا چاشقان تۇتۇش ئىقتىدارىم بولمىسا كېرەك. ئەمما، مەن ئۇلارنى زادىلا كۆزگە ئىلمايمەن، شۇڭا، مېنىڭ ئۇيقۇم كېلىپ راستتىنلا ئۇخلاپ قالدىم. دېمەك، دۈشمەنلەر ئەتراپىڭدىلا تۇرغان ۋاقتتىمۇ ئۇيقۇ دېگەن يەنىلا زۆرۈر. شامال ئۇچۇق دېرىزىدىن بىرمۇنچە گۈل بەرگىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن

چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. دەل شۇ چاغدا تام ئىشكاپ-تىن بىر چاشقان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، سول قۇ-لىقىمنى چىشلىۋالدى، ئارقىدىنلا بىر قارا سايە ئارقامغا ئۆتۈپ قۇيرۇقۇمغا ئېسىلىۋالدى. بۇ ئىشلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەردى. مەن نىشانسىز هالدا سەكرەشكە باشلىدىم، پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ قۇيرۇقۇمغا ئېسىلىۋالغان بۇ ئەبلەخنى سىلكىپ تاشلىۋەتمەكچى بولدۇم. بىرلا سىلكىنسەم، قۇلىقىمنى چىڭ چىشلىۋالغان بۇ ئەبلەخ ئۆزىنى تۇتالماي يۈزۈمگە ئېسىلىپ قالدى، كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ شلانكىغا ئوخ-شايدىغان قۇيرۇقى ئاغزىمغا كىرىپ كەتتى، مەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دېگەن نىيەتكە كېلىپ، قۇيرۇقىنى چىڭ چىشلەپ بېشىمنى ئىككى تەرەپكە قاتتىق سىلكىدىم، ئەمما، ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئاغ-زىمدا قېلىپ، تېنى كونا گېزىت چاپلانغان تامغا بېرىپ ئۇرۇلدى، ئاندىن ئۇ يەردىن قاڭقىپ يەرگە چۈشتى. مەن ئۇ ئورنىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭغا ئېتىل-دىم. ئۇ خۇددى تېپىلگەن توپتەك پارتلا قىلىپ ئالدىم-دىن قېچىپ، تەكچىگە چىقىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ تەكچە ئۈستىدە ماڭا قاراپ تۇراتتى، مەن يەردە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم، ئارىلىقىمىز بەش گەزدەك كېلەتتى. بۇ چاغدا ئاي نۇرى خۇددى ئۇچقۇچ ئاسماندىكى لېنتىدەك ئۆيگە چۈشتى. مەن پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ تەكچىگە سەكرەپ چىقماقچى بولدۇم، ئالدى پۇتلىرىم تەكچىنىڭ گىرۋىكىنى

تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ئارقا پۇتلىرىم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. ھېلىقى قارا نەرسە يەنىلا قۇيرۇقۇمنى قويۇپ بەرمەي چىڭ ئېسىلىپ تۇراتتى. ئەھۋالىم خەتەرلىك ئىدى. مەن پۇتۇمنى مىدىرلىتىپ ئۇستىگىرەك چىقماقچى بولدۇم. ئەمما، قۇيرۇقۇمغا بىرنەرسە ئېسىلىپ تۇرغاچقا پۇتۇمنى مىدىرلاتقانسېرى تېخىمۇ كەينىمگە سىيرىلىپ، تاختايدىن چۇشۇپ كېتەيلا دەپ قالدىم. ئەھۋالىم تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇۋاتاتتى، مەن ئېسىلىپ تۇرغان تەكچىدىن غىچ ـ غىچ قىلغان ئاۋاز چىقىشقا باشلىدى. مەن ئەمدى چاتاق چىقىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم. مەن پۇتلىرىمنى مىدىرلاتقان چاغدا، بىر پۇتۇم تەكچىنى ياخشى تۇتالماي پەقەت بىر پۇتۇم بىلەنلا ئېسىلىپ قالدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئېغىرلىقى ۋە قۇيرۇقۇمدىكى نەرسە بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەن بولغاچقا، ھاۋادا توختىماي پۇلاڭلاشقا باشلىدىم. بۇ چاغدا تەكچە ئۇستىدە ماڭا مىختەك كېلىپ تۇرغان ھېلىقى غەيرى مەخلۇق بېشىمدىن ئاتلاپ پەسكە سەكرىدى، مېنىڭ پۇتۇم تەكچىدىن ئاجراپ كەتتى، ئۇچىمىز بىللە پەسكە چۇشۇپ كەتتۇق. بۇنىڭ بىلەن تەكچىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى قۇرۇق قۇتىلارغا سوقۇلۇپ كېتىپ ئۇلارمۇ چۇشۇپ كەتتى، يەنە تۆۋەندىكى قەۋەتتىكى لوڭقىمۇ چۇشۇپ كەتتى؛ بۇ قۇتىلارنىڭ بەزىلىرى سۇ قاچىلانغان ئىدىشقا، بەزىلىرى يەرگە چۇشۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇن كېچىدە ئادەتتىن تاشقىرى

قاتتىق ئاۋاز چىقىپ كەتتى، مەن قاتتىق قورقۇپ تې-
خىمۇ بەك تىپىرلاپ كەتتىم.

— ئوغرى! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ياتىقىدىن يۈگۈرۈپ چىققان خوجايىنىم. ئۇنىڭ بىر قولىدا پانار، بىر قولىدا ھاسىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى ئۆز سالاھىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا چاقناپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ يېمەك قاچامنىڭ يېنىدا جىم ئولتۇرۇۋالدىم، ھېلىقى ئىككى ئەبلەخ تام ئىشكاپقا كى-رىۋالغانىدى. خوجايىنىم گاڭگىراپ قالدى، ئۇ ئوغرىنى تاپالمىغانىدى، شۇڭا، غەزەپ بىلەن:

— كىم؟ نېمە بولغاندۇ، نېمە تاراڭ-تۇرۇڭدۇ بۇ؟ — دېدى. بۇ چاغدا ئاي غەربكە قىيسىيىپ، ئۇنىڭ ئۆيدىكى نۇرى ئۇزىراپ كەتكەنىدى.

## 6

مەن بۇ قاتتىق ئىسسىقتا چىدىيالمايلا قالدىم. كىشىلەر ئېھتىمال بىز مۇشۇكلەرنىڭ روھىي ھالىتى-نى ھەمىشە بىر خىللا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تۈكى بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە بىر خىللا تۇرىدۇ، تۈك تاشلى-مايدۇ، ئۇلارنىڭ كۈنى بەك ئاسان، ئۇلارغا ھېچقانداق چىقىم كەتمەيدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بىز مۇشۇكلەردىمۇ ئوخشاشلا ئىسسىقلايدىغان، توڭلاي-دىغان سېزىم بار.

مۇنداق ئىسسىق كۈندە ئەسلىدە «چۈشلۈك ئۇيقۇ»

مېنىڭ ھوقۇقۇم ئىدى، ئەمما، ھازىر ئۇخلىيالمىدىم. مەن: ئازراق بىر ئىش قىلاي، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تۈزۈكرەك بىر كۆزىتىپ باقماپتىمەن، بۈگۈن مەن ئۇلارنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرى، لالما ئىتتەك ھەر يەرلەردە دوقۇرۇپ يۈرۈشلىرىدەك قىلىقسىزلىقلىرىنى بىر كۆرۈپ باقاي، دەپ ئويلىدىم. قىزىق يېرى، بۇ جەھەتتە خوجايىنىمنىڭ خاراكتېرى مۈشۈكنىڭكىگە بەك ئوخشايتتى. چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئۇ ھەرگىز مۈشۈكتىن ئاز ئۇخلىمايتتى، مەكتەپتە تەتىل قويۇپ بېرىلگەندىن بېرى ئۇ تۈزۈكرەك بىر ئىشمۇ قىلىپ باقمىدى، مەن ھەرقانچە كۆزىتىپ باققان بولسامۇ، ئۇنىڭ بىرەر غەيرەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرمىدىم. مانا شۇنداق پەيتتە، مەن باتې ئەپەندىنىڭ كېلىشىگە ھەقىقەتەن بەكمۇ تەشنا بولدۇم، دەل شۇ چاغدا دېگەندەك باتې ئەپەندى كەلدى.

باتې ئەپەندىنىڭ قىياپىتى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى، خوجايىنىم ئۇخلاۋاتاتتى، شۇڭا، ئۇ خوجايىنىمنىڭ ئايالى بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇ تېخى ئاشخانىغا بىر قاچا سۇيقاش بۇيرۇتۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ سۇيقاشنى شالاپلىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئىچتى، ئۇ بۇنىڭغا زادىلا پەرۋا قىلمايۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا، نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىكىن، جانابىي كانگى كىرىپ كەلدى، ھاۋانىڭ شۇنداق ئىسسىقلىقىغا قارىماي ئۇ قىشلىق

قالپاق كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىنىڭ توپا بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. باتې ئەپەندى دەرھال:

— ئوھوي، كىلىشكەن ئەركەك قەدەم تەشرىپ قىپتۇغۇ! مەن ھازىر تاماق يەۋاتاتتىم، سەت بولدى ـ ھە! — دېدى ـ دە، باشقىلارغا قارىتىپ تۇرۇپ، قىلچە خىجىل بولماي تامىقىنى پاك پاكىز يەپ بولدى. خوجايىنىم:

— جانابىي كانگى، دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىڭىز پۈتكەندۇ؟ — دېدى. جانابىي باتې بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا:

— ساندائىچى خانقىز بەك تىت ـ تىت بولۇپ كې- تىپتۇ، ماقالىڭىزنى تېز يوللاڭ! — دېدى.

جانابىي كانگى ئادەتتىكىدەكلا مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەگەر ماقالىنى تېز پۈتتۈرمىسەم ئۇ مېنىڭ گۇناھىم بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا مەنمۇ ماقالىنى تېزدىن پۈتتۈرۈپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىشنى خالايمەن. ئەپسۇس- كى، ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا ناھايىتى كۆپ كۈچ كېتىدۇ، — دېدى. ئۇ ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشنى قەستەن ئاجايىپ مۇھىم بىر ئىش قىلىپ سۆزلىدى.

بۇنىڭغا پەقەت خوجايىنىملا جىددىي، ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇۋاتاتتى.

— ماقالىڭىزنىڭ تېمىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

كانگى ئەپەندى:

— ئۇنىڭ ماۋزۇسى «ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ يېپىشىل پاقا كۆز ئالمىسىنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى»، — دېدى.

— سىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىڭىزغا كۆپ كۈچ كېتەمدۇ؟ — دەپ سورىدى خوجايىنىم.

— شۇنداق. بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر تېما. چۈنكى، يېشىل پاقا كۆز ئالمىسىنىڭ ئوپتىك قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ. شۇڭا، نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئىشلەش، ئالدى بىلەن بىر ئەينەك كۆز ئالمىسى ياساپ چىقىش كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىنلا تەجرىبە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. مۇنداق ئەينەك كۆز ئالمىسىنى ياساش بەكمۇ تەس. مەن كۈن بويى مەكتەپ تەجرىبىخانىسىدا ئۇنى ياساۋاتىمەن. ئەتىگەندە ئىش باشلىغاندىن تارتىپ، چۈشتە تاماق يەۋېلىپ سەل ئارام ئالغاندىن كېيىن يەنە قاراڭغۇ چۈشكىچە ئىشلەيمەن، بۇ يېنىك ئىش ئەمەس.

خوجايىنىم جىددىي تۇستە جانابىي كانگىدىن سورىدى:

— ھەر كۈنى شۇنداق ئىشلىشىڭىزنىڭ ھېچقانداق بىر بولمايدىغان يېرى يوق، ئەمما، سىز بۇ ئەينەك كۆز ئالمىسىنى قاچان پۈتكۈزمەكچىسىز؟

— ھەي، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئېھتىمال ئون يىل ۋاقىت كېتەر! — دەپ جاۋاب بەردى كانگى.

قارىغاندا، كانگى خوجايىنىمغا قارىغاندىمۇ بەكلا ئالدىرىمايدىغان ئادەم ئىكەن.

— ئون يىل؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇنى يەنىلا تېزرەك پۈتكۈزگىنىڭىز تۈزۈك! — دېدى خوجايىنىم.

— ئون يىل خېلىلا تېز ھېسابلىنىدۇ، ناۋادا ئەپلەشمىسە يىگىرمە يىل ۋاقىت كېتىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى كانگى.

باتې دەرھال:

— بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ، ئۇنداق بولىدىغان بولسا سىز دوكتور بولالماي قالامسىز؟ — دېدى.

— شۇنداق، مەنمۇ بۇرۇنراق ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلايمەن. ئەمما، ئەينەك كۆز ئالمىسنى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسام، مېنىڭ بۇ ھالقىلىق تەجرىبەمنى ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس.

جانابىي كانگى بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەمنۇنىيەت بىلەن:

— ئەمەلىيەتتە سىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن باش قاتۇرۇشۇڭلارنىڭ ھاجىتى يوق. جىنتيەن ئائىلىسىدىكىلەر مېنىڭ ئەينەك كۆز ئالمىسى ياساۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغان چېغىمدا بۇ ئەھۋاللارنى ئۇلارغا ئېنىق ئېيتتىم، — دېدى.

بىردەمدىن كېيىن جانابىي توفۇمۇ كەلدى.

جانابىي توفۇنىڭ كېلىشى بىلەن كۆڭلۈم خېلىلا ئېچىلىپ قالدى.

جانابىي توفۇ يېڭى شېئىر ئىجادىيىتىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن، هازىر كومېدىيە رەپتىس قىلىۋاتاتتى، خوجايىنىم جانابىي توفۇدىن:

—جانابىي توفۇ، يېقىندىن بۇيان بىرەر ياخشى ئە- سەر يازدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. جانابىي توفۇ:

— تېخى سىزگە يارىغۇدەك بىرەر ياخشى ئەسەر يازالمىدىم. ئەمما، مەن يېقىندا بىر شېئىرلار توپلىمى چىقارماقچى بولۇۋاتىمەن. مەن بۈگۈن بۇ توپلامنىڭ ئورىگىنالىنى ئالغاچ كەلگەن. قېنى، كۆپرەك تەلىم بې- رەرسىز!

خوجايىنىم ياسالما قىيابەت بىلەن ھەيۋە قىلىپ:

— قېنى، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

ئۇ ئورىگىنالنى ۋاراقلاپ، تىتول بەتتىكى:

ھېچكىمگە ئوخشىماس،
تال چىۋىقتەك بەللىرىڭىز.
فۇزى خانقىزغا بېشلايمەن.

دېگەن قۇرلارنى كۆردى.

— جانابىي توفۇ، بۇ بۇگۇئى خانقىز ھەقىقەتەن بار ئادەممۇ؟ — دەپ سورىدى خوجايىنىم.

جانابىي توفۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈش بەردى:

— ھەئە، ئۇ ئۆتكەن قېتىمقى دېكلاماتسىيىدە باتۇ ئەپەندى بىلەن ئوخشاش قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان ئايال. مۇشۇ ئەتراپتا ئولتۇرىدۇ. مەن ئەسلىدە بۇ توپلامنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەكچى بولۇپ ئېلىۋالغانىدىم. بايا بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ ئۇنى ئىزدەپ بارسام، كۇتۇلمىگەندە ئۇ ئالدىنقى ئايدا ئوئىسودىكى دېڭىز بويىغا دەم ئالغىلى كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلار توفۇنىڭ شېئىرى ئۈستىدە بەس- بەس بىلەن غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

كانگى توفۇدىن:

— سىز ساندائىچى خانقىزنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى. توفۇ:

— بۇ يىل ئەتىيازدا بىز ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ دېكلاماتسىيە ئوقۇش يىغىنىمىزغا تەكلىپ قىلغاندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ قىزنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە، ھەمىشە ناھايىتى تەسىرلىنىمەن. بۇ مەزگىللەردە مەن مەيلى شېئىر يازاي ياكى ناخشا تېكىستى يازاي، ناھايىتى زور ئىلھامىم كېلىۋاتىدۇ. بۇ توپلىمىدىكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇھەببەت شېئىرلىرى بولۇشى مېنىڭچە پۈتۈنلەي مۇشۇ خانقىز بىلەن ئۇچرىشىشتىن كەلگەن ئىلھام بىلەن

يېزىلغان. شۇڭا، مەن چوقۇم بۇ خانقىزغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ شېئىرلار توپلىمىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىمەن. ئاڭلىشىمچە، قەدىمدىن بۇيان ئەگەر شائىرلار خوتۇن ـ قىزلار بىلەن يېقىن دوست بولمىسا، ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ چىقالمىغانىكەن.

كانگى كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— راست شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

7

مەن يېقىندىن بۇيان ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدىم. ئېھتىمال بەزى نادانلار مېنى تىللاپ، سېسىتىپ: ناھايىتى بىر مۇشۇكقۇ، تېخى ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇ، دېيىشى مۇمكىن. بۇ يەردە مەن ئۆز پىكرىمنى ئېيتىشىم كېرەك. مېنى تىللىغان كىشىلەرنى ئالساق، ئۇلار تاكى ھازىرغىچە ھەرىكەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار پەقەت قورساق تويغۇزۇش ۋە ئۇخلاشنى بىردىنبىر ۋەزىپە دەپ بىلىدۇ. مەن ئۆتكەن يىلى تۇغۇلغان، تېخى ئەمدىلا بىر ياشقا كىردىم. ئەمما، مۇشۇكلەرنىڭ ئۆمرى ئادەملەرنىڭكىدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە قىسقا بولىدۇ، بىراق، مۇشۇكنىڭ قىسقا مەزگىل ئىچىدىكى مېڭىسىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىدىن ئالغاندا، ئادەمنىڭ يېشى بىلەن

مۇشۇكنىڭ يېشىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئىن‍ـ
تايىن خاتا. مەسىلەن، مېنى ئالساق، مەن ئەمدىلا بىر
ياشتىن سەللا ئاشتىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەنە شۇنداق
يۇقىرى ئاڭغا ئىگە بولدۇم، مانا بۇ مەسىلىنى تولۇق
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاڭلىسام خوجايىنىمنىڭ كەنجى
قىزى ئۈچ ياشقا كىرىپتىمىش، لېكىن ئۇنىڭ ئەقلى‍ـ
نىڭ تەرەققىياتى بەكلا ئاستا ئىكەن. ئۇ يىغلاش، ئورنىغا
سىيىپ يېتىش، سۈت ئىچىشتىن باشقا ھېچنېمىنى
بىلمەيدۇ. ئۇنى ماڭا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخى بەكلا
گۆدەك. ئادەملەر ئەسلىدىلا بىلمىسىز، شۇڭا، پەقەت يې‍ـ
قىنقى يىللارغا كەلگەندىلا ئاندىن ھەرىكەتنىڭ ئەھمى‍ـ
يىتىنى تەرغىب قىلىپ، خۇددى بۇ بىر ئۇلۇغ كەش‍ـ
پىياتتەك ھە دەپ دېگىز سۈيىدە يۇيۇنۇشنىڭ پايدىسى
ئۈستىدە توختىماي سۆزلەشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە،
مەن مۇنداق ئىشلارنى تۇغۇلغىنىمدىلا بىلەتتىم. بىز
گەرچە مۇشۇك بولساقمۇ، ئەمما، پۇرسەت پىشىپ يې‍ـ
تىلسىلا لېيەنساڭ دېگىز ساھىلىغا بارالايمىز، ئەمما،
ھازىر بېرىشقا بولمايدۇ، ھەممە ئىشتا بىر پۇرسەت
بولۇشى كېرەك.

دېگىز سۈيىدە يۇيۇنۇش توغرىسىدا كېيىنچە سۆزلەي‍ـ
مەن، ھازىر مەن قەتئىي تۈردە ھەرىكەت قىلىش نىيى‍ـ
تىگە كەلدىم. 20 ـ ئەسىردىكى بۇگۇنكى كۈندە، ھەرىكەت
قىلماسلىق بىر كەمبەغەللىكە ئوخشاپ قالغانلىق، ئۇنىڭ

نامى ياخشى ئەمەس. مىنىڭ ھەرىكەت قىلمىغانلىقىم ھەرىكەت قىلىشنى خالىمىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت قىلالمايدىغانلىقىمدىندۇر، چۈنكى مىنىڭ ھەرىكەت قىلىشقا ۋاقتىم يوق، ھەرىكەت قىلىشقا ۋاقتىمنىڭ يوقلۇقى پىشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. ئىلگىرى، ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشلەر ساموراپلار ئائىلىسىدە غالچىلىق قىلىدىغانلار دەپ مەسخىرە قىلىنغان، بۈگۈنكى كۈندە ھەرىكەت قىلمايدىغانلار قارا خەلق، پەسلەر دەپ قارىلىدۇ.

ھەرقايسىلىرىغا مەلۇم بولغاندەك، بىز مۈشۈكلەرنىڭ بەختسىزلىكىمىز شۇكى، قورال ئىشلىتەلمەيمىز، شۇڭا، كالتەك توپ تايىقى ۋە باشقا تەنھەرىكەت قوراللىرىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيمىز، ئىشلىتىشنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى ئېلىشقا پۇلىمىز يوق. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن مەن تاللايدىغان تەنھەرىكەت چوقۇم پۇل كەتمەيدىغان ھەم تەنھەرىكەت سايمانلىرى لازىم بولمايدىغان ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، بەزىلەر مېنى لاغايلاپ ماڭسا ياكى بېلىقنى چىشلىگەن پېتى يۈگۈرسە بولىدىغۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. لېكىن مۇنداق تۆت پۇتۇمنىڭلا ھەرىكەت قىلىشىغا تايىنىپ، يەر شارى تارتىش كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن زېمىندا ئۇياقتىن بۇياققا سەكرەپ يۈرۈش بەكمۇ ئاددىي، مەنىسىز بىر ئىش بولىدۇ. گەرچە ئۇمۇ ھەرىكەت دەپ ئاتالسىمۇ،

ئەمما، ئۇ خۇددى خوجايىنىمنىڭ دائىم قەلىمىنى قەغەز ئۈستىدە ئۇياقتىن بۇياققا ھەرىكەت قىلدۇرغىنىدەكلا بىر ئىش بولۇپ، مېنىڭچە بۇ تەنھەرىكەتنىڭ مۇقەددەسلىكىگە داغ تەگكۈزگەنلىك. ئەلۋەتتە، ئادەتتىكى ھەرىكەتنى مەلۇم تەسىر ئاستىدا قىلماسلىقمۇ ناتايىن. مەسىلەن، «بېلىق تالىشىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى»، «كىتا بېلىقىنى ئىزدەش» دېگەندەك ئويۇنلار خىلىمۇ مەنىلىك. ئەمما، مۇنداق سورۇنلاردا ئوبيېكت كەم بولسا بولمايدۇ، ئەگەر ئوبيېكتنىڭ قىزىقتۇرۇشى بولمىسا، ئۇ مەنىسىز بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر مۇنداق مۇكاپات خاراكتېرلىك قىزىقتۇرۇشلار بولمايدىغان بولسا، مەن ماھارەت تېپىدىكى بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىشنى خالايمەن. شۇڭا، مەن ھەر خىل ئۇسۇللارنى ئويلاپ تاپتىم. مەسىلەن، ئاشخانىنىڭ دېرىزە لەمپىسىدىن ئۆگزىگە سەكرەپ چىقىش، ئۆگزىدىكى تۆت قىرلىق كاھىش ئۈستىدە تۆت پۇتلاپ ئۆرە تۇرۇش، كىر يايىدىغان بامبۇك خادىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈش (بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەس بىر ھەرىكەت، چۈنكى، بامبۇك خادا بەك سىلىق بولۇپ، يۈگۈرۈپ ماڭغاندا تېيىلىپ تۇرمايدۇ)، يەنە تۈيۈقسىزلا باللارنىڭ ئارقىسىدىن مۈرىسىگە سەكرەپ چىقىدىغان ھەرىكەتمۇ بار، گەرچە بۇ بەك قىزىقارلىق ھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن دائىم شۇنداق قىلمۇرگەندە چاتاق چىقىدۇ. شۇڭا، ئەڭ كۆپ بولغاندا

ئۇنى بىر ئايدا ئۈچ قېتىم قىلمىشقىلا بولىدۇ. يەنە پۇ-
تۇمنىڭ تىرناقلىرى بىلەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى تا-
تىلايدىغان ئويۇنۇمۇ بار. ئەگەر بۇنى خوجايىنىم سې-
زىپ قالىدىغان بولسا، تاياق يېيىشىم مۇمكىن، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ ئويۇندا پەقەت تىرناقلىرىمنىڭ ماھارىتىلا
ئاشىدۇ، بۇلجۇڭ گۆشلىرىم چېنىقىش پۇرسىتىگە ئىگە
بولالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا ھەرىكەتلەر، يېڭى
ھەرىكەتلەر ئىچىدە بەزىسى ئىنتايىن قىزىقارلىق، مە-
سىلەن، ياچىۋەك تۇتۇش. ياچىۋەك تۇتۇش گەرچە چاشقان
تۇتقاندەك چوڭ ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چوڭ
خەتىرى يوق. ئوتتۇرا يازدىن باش كۈزگىچە بولغان
ۋاقىت بۇ ئويۇن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋاقىت. ياچىۋەك
تۇتۇشتا مەن ئالدى بىلەن ھويلىغا چىقىپ بىر ياچىۋەك
تاپىمەن، ئەگەر ھاۋا رايى ياخشى بولىدىغان بولسا،
بىر ـ ئىككى ياچىۋەكنى ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ. ئاندىن
مەن ئوقتەك يۈگۈرۈپ ياچىۋەكنىڭ يېنىغا بارىمەن. بۇ
چاغدا ياچىۋەك دۈشمىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورغاققا
ئوخشايدىغان ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جەڭگە
تەييارلىنىدۇ. بۇ ئەبلەخنىڭ يۈرىكى قاپتەك بولىدىكەن،
رەقىبىنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ يېتىشتىن ئىلگىرى ئۇ-
نىڭ بىر ئېلىشىپ باققۇسى كېلىدىكەن، ھەقىقەتەن
بەك قىزىق ئىش. مەن ئوڭ ئالدى پۇتۇم بىلەن ئۇنىڭ
ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان پۇتلىرىغا ئۇرسام، ئۇنىڭ تىك

كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، بەكمۇ يۇمشاق بۇرۇتلىرى شۇئان پەسكە قىڭغىيىپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھالىتى بەك كۈلكىلىكلا بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا مەن بىرلا سەكرەپ ياچىۋەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قاناتلىرىنى تۇتۇپ تارتىمەن. ئۇنىڭ قاناتلىرى ئادەتتە ناھايىتى رەتلىك تۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭ قانىتىنى كۈچەپ تارتىشىم بىلەن ئۇنىڭ قانىتى چۇۋۇلۇپ، ئىچىدىكى خۇددى سۇس بىنەپشەرەڭ قەغەزدەك يەنە بىر قەۋەت كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئەسلىدە ياچىۋەكمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە بەكلا ئامراق، ئۇ ھەتتا مۇشۇنداق ئىسسىق يازدىمۇ ئىككى قات كىيىم كىيىۋالىدۇ. بۇ چاغدا ياچىۋەكنىڭ بېشى ئارقىغا قايرىلىپ قالىدۇ، بەزىدە بۇرۇلۇپ ماڭا ئالدىنى قىلىۋالىدۇ، ئەمما، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇ خۇددى مېنىڭ ھۇجۇم قىلىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مىدىرلىماي جىم تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ مۇنداق تۇرۇۋالسا، مەن ھەرىكەت قىلالماي قالاتتىم. مۇشۇنداق تۇرۇۋېرىپ، مەن ئاخىر ئۇنى بوشقىنا بىرنى ئۇرۇپ قويىمەن، ئەگەر ئەقلى بار ياچىۋەك بولىدىغان بولسا، دەرھال قېچىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلاردىن جېنىدىن تويغاندەك قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىرىمۇ چىقىپ قالىدۇ، بۇلار كۆپىنچە تەربىيە كۆرمىگەن ياۋايى ياچىۋەكلەردۇر. ئەگەر قارشى تەرەپ مۇنداق ياۋايى ھەرىكەتلەردە بولىدىغان بولسا، مەن راسا كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سالىمەن، ئۇ چوقۇم گەپ يوق

ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئەمما، بەزى ياچىۋەكلەر بەك ياۋاش بولىدىكەن، ھە دەپ كەينىگە قا- چىدىكەن. مۇنداق چاغدا ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ، مەن ھويلىدىكى دەرەخلىكتە ئۇياقتىن بۇياققا بىرقانچە قېتىم يۈگۈرۈپ چىقىمەن، ئاندىن ياچىۋەككە قارىسام ئۇ تېخى ئانچە يىراققا قېچىپ كېتەلمىگەن بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ كۈچۈمنى كۆرۈپ قويغان بولغاچقا، يەنە قارشى- لىق قىلىشتىن رايى يېنىپ جېنىنىڭ بارىچە قاچىدۇ. ئەمما، مەنمۇ ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوغلاۋاتقان بولغاچقا، ياچىۋەك بەزىدە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاناتـ- لىرىنى قېقىپ ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىدۇ. ئەسلىدە ياچىۋەكنىڭ قانىتى ۋە بويىنى ئۇزۇن بولغان بىلەن بەك ئاجىز بولىدىكەن، بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۇنى زىنىنەتلەش رولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇشىغا زادىلا ياردەم بېرەلمەيدى- كەن. بۇ خۇددى ئادەملەرنىڭ ئازراق چەت ئەل تىلىنى بىلىسىمۇ، ئەمما، ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى بول- مىغاندەكلا بىر ئىش ئىكەن. شۇڭا، گەرچە ئۇ ئۇزىنىڭ ئاشۇ كېرەككە كەلمەيدىغان ئۇزۇن بويىنى ۋە قانىتىغا تايىنىپ ماڭا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايتتى. ئۇ نامدا قار- شىلىق كۆرسىتىش بولسىمۇ، ئەمما، ئەمەلىيەتتە پەقەت يەردە قانىتىنى سۆرەپ قېچىشلا ئىدى. بۇ چاغدا مېنىڭ بىرئاز ھېسداشلىقىم كېلىپ قالاتتى. ئەمما، ھەرىكەت

ئۇچۇن مېنىڭ بۇلار بىلەن كارىم بولالمايتتى، مەن ئىلاجسىز مېنى كەچۈر دەيمەن ــ دە، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىمەن. ياچۇۋەك ئىنىرتسىيىلىك كۈچ سەۋەبىدىن ئارقىغا ئۆرۈلەلمەي ئالدىغا ئۆمىلەپ كېتىۋېرىدۇ، مەن ئۇنىڭ يۈزىنى چەنلەپ ئۇرىمەن، ئۇ يەردە قىمىر قىلماي يېتىپ قالىدۇ. مەن ئالدى پۇتۇمدا ئۇنى دەسسەپ ئارام ئېلىپ سەل تۇرۇۋالىمەن ــ دە، ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىپ يەنە دەسسەيمەن. مەن جۇگې لياڭنىڭ يەتتە قېتىم تۇتۇپ، يەتتە قېتىم قويۇپ بېرىش تەدبىرى بويىچە ھۇجۇم قىلىمەن. ئالاھازەل يېرىم سائەتچە بۇ ھەرىكەتنى قايتا ــ قايتا تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنىڭ ئەمدى زادىلا مىدىرلىيالمىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، چىشلەپ تۇرۇپ بىرقانچىنى سىلكىيمەن. مەن ئۇنى ئەنە شۇنداق قانغۇچە ئەخمەق قىلىپ ئوينىغاندىن كېيىن، ئىشتىھا بىلەن يالماپ يەۋېتىمەن. مەن مۇشۇ پۇرسەتتە ياچۇۋەك يەپ باقمىغان ئىنسانلارغا بىرقانچە ئېغىز سۆز قىلماقچىمەن: ياچۇۋەكنىڭ تەمى ئانچە ياخشى ئەمەسكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ئادەتتىن تاشقىرى ئاز بولسا كېرەك. مەن ياچۇۋەك تۇتقاندىن سىرت، يەنە تومۇزغىمۇ تۇتۇپ باقتىم. بىز ئادەتتە ئاددىي قىلىپلا ئۇلارنى تومۇزغا دەيمىز، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ھەممىسىلا ئوخشاش نەرسە ئەمەس. خۇددى ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ ھىيلىگەر، دۆت، نامراتلار

بولغىنىغا ئوخشاش، تومۇزغىلار ئارىسىدىمۇ ماي تو-مۇزغا، كۆكۈم تومۇزغىسى ۋە ئۈششۈك تومۇزغا بار. ماي تومۇزغا بىر چىرقىرىغىلى تۇرسا زادىلا توختىماي ئادەمنى بەك بىئارام قىلىدۇ. كۆكۈم تومۇزغىسى بەك مۇتتەھەم، ئۇمۇ كىشىنى ئاۋارە قىلىدۇ. پەقەت ئۈششۈك تومۇزغىنى تۇتۇش بەك قىزىق بولىدۇ. بۇ تومۇزغىلار باش كۆز كەلمىسە زادى ئۇۋىسىدىن چىقمايدۇ. كۆز شامىلى ئادەمنى شۈركەندۈرۈپ، بەدەنلىرىنى قورۇغاندا، سوغۇق ئۆتۈپ كىشىلەر ھە دەپ چۈشكۈرۈشكە باشلى-غاندىلا ئاندىن سۆرىلىشىپ ئۇۋىسىدىن چىقىپ، چىر-قىراشقىلى تۇرسا زادىلا توختىمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ چىرقىراش ۋە مېنىڭ تۇتۇپ ئوينىشىمدىن باشقا بىرەر ۋەزىپىسى بولمىسا كېرەك. باش كۆزدە، مەن پە-قەت مۇشۇ ئەبلەخنىلا تۇتىمەن، مانا بۇ مېنىڭ تومۇزغا تۇتۇش ھەرىكىتىم. مەن مەخسۇسلا دەرەخنىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىۋېلىپ توختىماي چىرىلدايدىغان ئەبلەخ-لەرنى تۇتىمەن، بۇ يەردە مەن چوڭقۇر بىلىملىك ئادەم-لەردىن: تومۇزغىنىڭ زادى «چىر - چىر» قىلىپ سايرايدىغانلىقى ياكى «چۇر - چۇر» قىلىپ سايرايدىغانـ-لىقىنى سورىماقچىمەن. مېنىڭچە، بۇ توغرىدىكى چۈ-شەندۈرۈشتىكى پەرق تومۇزغا تەتقىقاتى بىلەن بەك مۇ-ناسىۋەتلىك. ئىنسانلارنىڭ مۇشۇكلەردىن ئارتۇق يېرى دەل مۇشۇ تەتقىقاتتا، ئىنسانلارنىڭ مەنمەنچىلىكىمۇ دەل

مۇشۇ يەردە. شۇڭا، ئەگەر دەرھال جاۋاب بېرەلمىسەڭلار، ئەڭ ياخشىسى بۇ ھەقتە ئويدان ئويلىنىپ كۆرۈڭلار. مېنىڭ تومۇزغا تۇتۇش ئىشىمدا، ئۇنىڭ قانداق ئاۋازدا چىرىلدىشىنىڭ كارى چاغلىق. مەن تومۇزغىنىڭ ئاۋازى بويىچە دەرەخقە چىقىپ، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە چىرىلدا-ۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالىمەن. يۇزەكى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ بەكمۇ ئاددىي ھەرىكەتتەك كۆ-رۈنىدۇ، ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەمنى بەك ھاردۇرۇۋې-تىدىغان ھەرىكەت. مېنىڭ تۆت پۇتۇم بولغاچقا، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەرىكەت تېزلىكىمنى باشقا ھايۋانلارغا يەت-مەيدۇ دەپ ئويلىمايمەن. مەن ئىككى پۇت توغرىسىدىكى ماتېماتىك ئۇقۇم بويىچە ئەڭ كېمىدىمۇ ئىنسانلارغا ھەرگىز ئۇتتۇرۇپ قويمايمەن دەپ قارايمەن. ئەمما، دەرەخكە يامىشىپ چىقىشتا مەندىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلار بار. دەرەخكە چىقىشنى ئۆزىنىڭ تۇغما تالانتى قىلغان مايمۇنلارنى قويۇپ تۇرايلى، مايمۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان ئادەملەر ئارىسىدىمۇ سەل قاراشقا بول-مايدىغانلار بار. قائىدە بويىچە دەرەخكە چىقىش يەرنىڭ تارتىش كۈچىگە خىلاپ بولغان بىر خىل ماھارەت، شۇڭا، مەن گەرچە دەرەخكە چىقالمىساممۇ، ئەمما بۇنى نومۇس دەپ قارىمايمەن. ئەمما، تومۇزغا تۇتۇشتا ئەگەر دەرەخكە چىقالمىسا، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىككە دۇچ كېلى-دىغان ئىش. بەختىمگە مېنىڭ تىرناقلىرىم بولغاچقا،

ھەرھالدا زورىغا بولسىمۇ دەرەخكە چىقالايمەن، بۇ ھەر-گىز چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئىش ھەرگىز بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، چۈنكى، تومۇزغا ئۈچىدىغان ھاشارات. تو-مۇزغا ياچىۋەككە ئوخشمايدۇ، ئەگەر ئۇ ئۇچۇپلا كەتسە، مەن ناھايىتى پاجىئەلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمەن، يەنە بىر مەسىلە، مەن يەنە تومۇزغىنىڭ سۈيدۈكىنى ماڭا چېچىۋېتىشىدەك خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىم مۇمكىن. تومۇزغا ھەمىشە كۆزۈمگە توغرىلاپ ماڭا سۈيدۈكىنى چاچىدۇ، شۇ چاغدا ئەگەر دەرھال ئۆزۈمنى ئېلىپ قا-چالىسام ياخشى، ئەگەر سۈيدۈك چېچىلىپ كەتسە، مېنى نەس باسقىنى شۇ. تومۇزغا نېمىشقا ئۇچۇپ كېتىش ئالدىدا سۈيدۈكىنى چاچىدۇ؟ زادى قانداق بىر روھىي ھالەت ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئازابلانغانلىقى-دىنمۇ ياكى دۈشمىنىنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ قوللىنىدىغان قېچىپ كېتىش تەدبىرىمۇ؟ ئەگەر راست شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ سىياھ بېلىقنىڭ سىياھ قويۇۋېتىشى، تىكەنبېلىقنىڭ تىكىنىدە زەھەر بولۇشى، خوجايىنىمنىڭ قانداقتۇر لاتىن تىلى بىلەن ھەپىلە-شىۋاتقانلىقى بىلەن ئوخشاش ئىش، بۇ تومۇزغاشۇناس-لىقتىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە، ئەگەر ئۇ تولۇق تەتقىق قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم دوكتورلۇق

دىسسېرتاتسىيە تېمىسى بولالايدۇ. بۇلار ھەممىسى قۇ-
رۇق گەپلەر، ئەمدى ئاساسىي تېمىغا قايتىپ كېلەيلى.
تومۇزغا توپلىنىۋېلىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، توپلىنى-
ۋېلىش دېگەن گەپ بىرئاز كۆلكىلىكتەك تۇيۇلىدۇ،
ئەمما، بىر يەرگە يىغىلىۋېلىش دېسەك يەنە بىر كونى-
لىقتەك كۆرۈنىدۇ، شۇڭا، يەنىلا توپلىنىۋېلىش دېسەك
ياخشى، ئۇلار چىنار دەرىخىگە توپلىنىۋالىدۇ. ئەمما،
چىنارنىڭ يوپۇرماقلىرى بەك قويۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە
يوپۇرماقلىرى ئالىقانچىلىك چوڭ، ئۇنىڭ شاخ – يوپۇر-
ماقلىرى بەك قويۇق بولغانلىقتىن دەرەخنىڭ غولىنى
كۆرگىلى بولمايدۇ، بۇ تومۇزغىنى تۇتۇشقا توسقۇنلۇق
قىلىدۇ. مەن ئىلاجسىز تومۇزغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان
تەرەپكە قاراپ ماڭىمەن. دەرەخنىڭ يەردىن ئالتە گەزدىن
كۆپرەك ئېگىزلىكتىكى يېرىدە بىر ئاچىماق بولۇپ،
مەن ھەمىشە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ سەل دەم ئالغاچ، تو-
مۇزغا تۇرغان جاينى كۆزىتىمەن. ئەلۋەتتە، مەن دەرەخكە
چىقىۋاتقان ۋاقتىمدا دەرەخ شاخلىرى شىلدىرلاپ كې-
تىپ، بەزى ئالدىراڭغۇ تومۇزغىلار ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئە-
گەر بىرسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغان بولسا چاتاق بولىدۇ،
باشقىلارنى دوراش جەھەتتە تومۇزغىلارمۇ ئادەملەردىن
ھەرگىز قېلىشمايدۇ. ئۇلار ئارقا – ئارقىدىن ئۇچۇشۇپ
كېتىدۇ. مەن بىرمۇنچە كۈچەپ، دەرەخ ئاچىمىقى بار
جايغا چىققان ۋاقتىمدا، دەرەخ ئۈستى پۈتۈنلەي جىمىپ

كېتىدۇ، بىر قېتىم مەن دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ، قولىقىمنى دىڭ تۇتۇپ، ئەتراپقا ھەرقانچە قارىغان بولساممۇ، تومۇزغىلارنى زادىلا تاپالمىدىم. دەرەختىن چۈشۈپ كېتىپ يەنە قايتا چىقاي دېسەم بۇ بەك ئاۋارىچىلىك ئىدى، شۇڭا مەن ۋاقتىنچە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ، دەرەخ ئۈستىدە پۇرسەت كۈتۈش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىختىيارسىز ئۇيقۇم كېلىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ شېرىن چۈش كۆرۈپ كېتىپتىمەن. بىردىنلا چۆچۈپ ئويغانغان ۋاقتىمدا، كۈتۈلمىگەندە دەرەختىن تاش ياتقۇزۇلغان ھويلىغا چۈشۈپ كەتتىم. بىراق، بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەت ئىدى، ئادەتتە ھەر قېتىم دەرەخكە چىقسام ھەمىشە بىر ـ ئىككى تومۇزغا تۇتاتتىم. مېنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغىنى شۇكى، مەن دەرەخ ئۈستىدىلا تومۇزغىنى چىشلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا، مەن دەرەختىن چۈشۈپ تومۇزغىنى يەرگە تاشلىغان ۋاقتىمدا ئادەتتە تومۇزغا ئۆلۈك ھالەتتە بولاتتى، مەن ئۇنى ھەرقانچە مىدىرلاتساممۇ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈسەممۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى. تومۇزغا تۇتۇشتا ئەڭ قىزىق بولىدىغىنى مەن ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلىشىپ، ئۇ قوپىرۇقىنى جىددىي ھالدا ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا ئالدى پۇتۇم بىلەن كاپلا قىلىپ بېسىۋېلىش ئىدى. بۇ چاغدا تومۇزغا ئېچىنىشلىق چىرقىراپ، نېپىز ۋە سۈزۈك قانىتىنى ھە دەپ قاقاتتى.

ئۇنىڭ قانىتىنى قېقىشتىكى تېزلىكى، چىرايلىقلىقىنى تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى، بۇ ھەقىقەتەن تومۇزغىلار دۇنياسىدىكى بىر مۆجىزە ئىدى. مەن ھەر قېتىم تومۇزغىنى مۆشۈكنىداق بىسۇئالغان ۋاقتىمدا، ھەمىشە ئۇنىڭ مۆشۈ ئاجايىپ ئېسىل ماھارىتىنى تاماشا قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭدىن تازا ھۇزۇرلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كاپلا قىلىپ چىشلەپ قىلچە رەھىم قىلماي يالماپ يەۋېتەتتىم. بەزى تومۇزغىلار ھەتتا مېنىڭ ئاغزىمغا كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق مۆشۈنداق ئويۇن كۆرسەتتى. بۇ ھەرىكەتتىن باشقا، مەن يەنە قارىغايغا يامىشىش ھەرىكىتىنى قىلىمەن. قارىغايغا يامىشىش دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، بەزىلەر بۇنى قارىغايغا يامىشىپ چىقىپ ئاندىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ ئويناش دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ دەرەخكە يامىشىشتىكى بىر خىل ھەرىكەت. تومۇزغا تۇتۇشتا تومۇزغا تۇتۇش ئۈچۈن دەرەخكە چىقىدىغان گەپ، قارىغايغا يامىشىشتا دەرەخكە چىقىش مەقسىتى بىلەن يامىشىدىغان گەپ، مانا بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى. قارىغاي غولىنىڭ پوستى ناھايىتى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولىدۇ، شۇڭا، ئۇ زادىلا تېيىلغاق بولمايدۇ، قارىغاي قوۋزىقى چىڭ تۇتۇشقا بەكمۇ ئەپلىك. شۇڭا، مەن مۆشۈنداق دەرەخنى تاللاپ، ناھايىتى تېز يامىشىپ چىقىمەن ۋە يەنە ناھايىتى تېز قايتىپ چۈشىمەن. تۆۋەنگە يۈگۈرۈپ چۈشۈشتە،

بىرى، باشنى تۆۋەنگە قىلىپ يۈگۈرۈپ چۈشۈش، يەنە بىرى دەرەخكە چىقىپ كېتىۋاتقان ھالەتتىلا ئارقىچىلاپ يېنىپ چۈشۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بار. بۇ يەردە جانابىي ئىنسانلاردىن شۇنى سورىغۇم كېلىدۇ: سىلەر بۇ ئۇسۇللاردىن قايسىسىنىڭ ئەڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئىنسانلار ئۆزىنىڭ يۈزەكى ئويى بويىچە چوقۇم چۈشۈش بولىغاندىكىن ئەلۋەتتە يەسكە قاراپ يۈگۈرۈپ چۈشۈش ئاسان دەپ قارايدۇ. خاتالاشتىڭلار! سىلەر مۈشۈكنىڭ تىرناقلىرىنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ئۆسكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ مۈشۈكنىڭ پۈتىنىڭ ھەممە تىرناقلىرى ئارقىغا قاراپ ئېگىلگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇددى «بىخەتەرلىك ئىلمىكى»گە ئوخشاش بىرنەرسىلەرنى چىڭ قاماللاپ ئىچ تەرەپكە تارتىدۇ، ئەمما، بۇ تىرناقلار بىلەن بىرنەرسىلەرنى ئالدى تەرەپكە قاراپ ئىتتىرگەندە كارغا كەلمەيدۇ. قېنى، سىزمۇ قىلىپ كۆرۈڭ، باشنى تۆۋەنگە قىلىپ چۈشكەندە تىرناقلار زادى كارغا كەلمەيدۇ، ئادەم تۆۋەنگە سىيرىلىپلا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۆزىنى زادىلا كونترول قىلالمايدۇ. دېمەك، بۇ ئۇسۇل بەكمۇ قىيىن. مۈشۈكلەر ئىچىدە مۇنداق ھۈنىرى بارلار ئېھتىمال پەقەت مەنلا بولسام كېرەك. شۇڭا، مەن بۇ ھەرىكەتنى قارىغايدىن سىيرىلىش دەپ ئاتىدىم. ئاخىرىدا، مەن بامبۇك قاشا ئۈستىدە مېڭىش ھەرىكىتىنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن:

خوجايىنىمنىڭ ھويلىسى تۆت چاسا بولۇپ، بامبۇك قاشا بىلەن قورشالغان، پېشايۋاننىڭ ئۇدۇلى 20 ـ 30 گەز كېلىدۇ، ئەمما، ئىككى تەرەپتىكى قاشا 14 گەزلا كېلىدۇ. مەن ئېيتقان بامبۇك قاشا ئۈستىدە مېڭىش مانا مۇشۇ قاشا ئۈستىدە يىقىلىپ چۈشمەي بىر ئايلىنىپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەرىكەتنى قىلغاندا مەن دائىم مەغلۇپ بولىمەن، ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىسام، بۇ كىشىگە ئاجايىپ لەززەت بېرىدىغان ھەرىكەت. بولۇپمۇ قاشا ئوتتۇرىسىدا بىر ياغاچ تۇۋرۇك بولۇپ، بۇ ئوتتۇرىدا بىردەم ئېلىشۋالىدىغان قولايلىق جاي.

8

مەن بامبۇك قاشا ئۈستىدە مېڭىش ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان ۋاقتىمدا، بايا خوجايىنىمنىڭ ھويلىسى بامبۇك بىلەن قاشالانغان دېدىم. ئەمما، بۇ بامبۇك قاشانىڭ سىرتىدا باشقا قوشنىلار بولسا كېرەك دەپ خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار. بامبۇك قاشانىڭ سىرتىدا 15 ـ 20 گەز كەڭلىكتە بىر بوشلۇق بولۇپ، بوشلۇقنىڭ ئۇ بېشىدا بەش ـ ئالتە تۈپ ياپيېشىل ياپلاق ئارچا بار. خوجايىنىمنىڭ پېشايۋىنىدا تۇرۇپ ئۇدۇلغا قارىغاندا قارشى تەرەپ قويۇق ئورمانلىق بولۇپ، ئادەمگە خوجايىنلىق، نامەلۇم مۈشۈكنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان جاھانكەزدىلىك تۇيغۇسى

بىرىدۇ. ئەمما، بۇ ياپىلاق ئارچىنىڭ شاخلىرى ھەرگىز بايا ئېيتقاندەك ئۇنداق قويۇق ئەمەس، شۇڭا، ئۇنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۇدۇلدىكى «تۇرنىلار سارىيى» دې-گەن بىنانىڭ ئۆگزىسىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ، ئەمما، بۇ بىنانىڭ نامى ناھايىتى چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەت ئۈچ ـ تۆت ئېغىزلىق بىنا. 20 ـ 30 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ بوشلۇق بامبۇك قاشانىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ يەنە قىرىق گەزچە سوزۇلغان، ئاندىن ئۇدۇل شىمالغا بۇرۇلۇپ خوجايىنىمنىڭ قورۇسىنى ئارىغا ئالغان. مانا مۇشۇ شىمال تەرەپ بىر ئايەت مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ تەرەپتە تام ياكى قاشا يوق ئىدى. شامال چىقسا بىرنەرسىلەرنى خالىغانچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇراتتى. كىشىلەر ھېچكىمدىن سورىمايلا خالىغانچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئا-شۇنداق ئاۋارىچىلىكلەر بولامدۇ ـ بولمامدۇ، بۇ بوشلۇق-نىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قايسى خىلغا كىرىدىغانلىقىغا باغلىق ئىدى. شۇڭا، بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئۇ تەرەپتىكى جانابلارنىڭ خاراك-تېرىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش زۆرۈر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئادەم ياكى ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى جانابلار* دەپ ئاتاش بەك ئالدىراڭغۇلۇق

* بۇ يەردىكى جاناب خىنزۇچە 君子 دېيىلىدۇ. 梁上君 دېگەن سۆز جاناب، جانابلار دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە شۇ گەپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (ت)

قىلغانلىق بولاتتى. ئەمما، ئۇلارنى جانابلار دېيىش ئاسان خاتا بولمايتتى. چۈنكى، ھازىر جەمئىيەتتە بىرنەرسە ئوغرىلايدىغان ئوغرىلارمۇ جانابلار دېيىلىدۇ. بۇ «بۇلۇت سارىيى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، بۇ يەردە 800 جاناب بار. بۇ يەرنىڭ ئىسمى «بۇلۇت سارىيى» بولغاچقا، بەزىلەر بەلكىم بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى داڭلىق ۋە سالاپەتلىك جانابلار بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. سىلەر ئىلىم ئىگىسى ياكى ئوقۇتقۇچى دېيىلگەنلەر ئىچىدە كۆسامىدەك مانا شۇنداق تەلۋە ئادەملەرنىڭ بار-لىقىنى بىلدىڭلار، شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇلۇت سارد-يىدىكى جانابلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ داڭلىق شەخسلەر ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر ئاراڭلاردىن بىرەرسى «مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن» دېمەكچى بولسا، ئەمىسە مېنىڭ خوجايىنىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىك-كى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ باقسۇن.

مەن باشتا دېگەندەك بۇ يەرگە يېڭىلا كۆچۈپ كەل-گەندە ھېلىقى بوش يەردە قورۇ تېمى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇلۇت سارىيىدىكى جانابلار خۇددى ھارۋىكەش ئائىلىسىدىكى قارا مۈشۈكتەك بۇ چىنارلىققا خالىغانچە لاغايلاپ كىرىشىپ پاراڭ سېلىشتى، ئۆيلىرىدىن ئېلىپ

كەلگەن چۈشلۈك تاماقلىرىنى يېيىشتى، پاكار بامبۇك. زارلىقتا خالىغانچە ئېغىناشتى. ئىشقىلىپ نىمە قىل. غۇسى كەلسە شۇنى قىلىشتى. ئاندىن بۇ يەرگە ئەخ. لەتلەرنى تاشلاشتى، يەنى تاماق ۋە قورۇمىلىرىنى ئوراپ ئېلىپ كەلگەن بامبۇك يوپۇرماقلىرى، كونا گېزىتلەر ياكى چىغ كەش، كونا ياغاچ كەشلىرىنى تاشلاپ كېتىش. تى. ئومۇمەن ھەممە كونا نەرسىلەرنى قويماي بۇ يەرگە تاشلاشتى. ئەزەلدىن ھەممىگە پەرۋاسىز قارايدىغان خوجا. يىنىم بۇنىڭ ئالدىدا چارىسىز قالدى، نارازىلىقمۇ بىل. دۈرمىدى. ئەمما، بۇ جانابلار بۇ مەكتەپتە تەربىيىلىنىۋې. رىپ بارغانسېرى جانابلارغا ئوخشىماي قالدى، ئۇلار شى. مالدىن جەنۇبقا بۇ جاينى پىلە قۇرتىدەك يەپ خاراب قى. لىشتى. ئۇلار خۇددى سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلاردەك ئەمدى ئۇ چىنارلىقنى تاشلاپ، ياپىلاق ئارچىزارلىققا كېلىشتى. ئارچىزارلىق دەل خوجا. يىنىمنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى، ئۇلار خو. جايىنىمنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىۋېلىپلا قالماي، يەنە تېخى ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. خوجايىنىم ئىلاجسىز كۈتۈپخانىسىدىن چىقىپ، ئۇلارغا:

— بۇ يەر سەنلەر خالىغانچە كىرىشىدىغان يېرىڭ ئەمەس، يوقىلىش! — دېدى. خوجايىنىم ئۇلارنى ئۈچ قې. تىم قوغلىدى. ئەمما، بۇ تەربىيە كۆرگەن جانابلار ئەل. ۋەتتە بۇنىڭغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنمايتتى. ئۇلارنى

قوغلىشۇەتسە يەنە كىرىشتى، كىرىپلا ۋارقىرىشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى ياكى ۋارقىرىشىپ سۆزلەشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ جانابلارنىڭ سۆزلىرى: ھەي كىسپۇرۇش، ھۇ ئاناڭنى دېگەندەك ئەدەپسىز گەپلەر ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ گەپلەر ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى ئەسلىدە ساموراي ئائىلىسىدىكى مالايلار، پاھىشىخانا خوجايىنلىرى، مۇنچىدا كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى يۇيۇپ قويغۇچىلارغا خاس بولغان بىلىملەر بولۇپ، 20 ـ ئەسىر كىرگەن بۈگۈنكى كۈنلەردە تەربىيە كۆرگەن جانابلار ئۆگەنگەن بىردىنبىر تىل بولۇپ قاپتۇمىش. خوجايىنىم چىقىپ ئۇلارغا تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن، شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالار دەپ ئويلىغانىدى. كىم بىلسۇن، زامانىسىدىن تارتىپ ھەمىشە ئۇمىد بىلەن رېئاللىق بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ كەتكەچكە، خوجايىنىم بۇ قېتىم يەنە مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بەزىدە ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن كىرىشەتتى، بەزىدە دەرۋازىدىن ئۇدۇل كىرىشەتتى، ئۇلار دەرۋازىنى تاراقلىتىپ ئېچىشسا، ئۆيدىكىلەر تېخى مېھمان كەلدىمىكىن دەپ قېلىشاتتى، ئۇلار كەلسىلا، چىنارزارلىقتەرەپتىن قاتتىق كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. مېنىڭ بىچارە خوجايىنىم بۇلارغا زادىلا تاقابىل تۇرالماي، كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، «بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرىغا ھۆرمەت بىلەن خەت يېزىپ، ئوقۇغۇچىلىرىنى بىرئاز باشقۇرۇپ قويۇشنى سەمىمىي ئۈمىد

قىلدى. بۇلۇت سارىيى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرىمۇ خوجايىنىمغا خەت ئەۋەتىپ، بىرقانچە كۈن كۈتۈپ تۇرۇشنى، ئۇ يەرگە بىر قاشا ئورنىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى ـ ئۈچ ئىشچى كېلىپ يېرىم كۈن ئىشلەپ، خوجايىنىمنىڭ قورۇسى بىلەن «بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئارىسىغا ئۈچ گەز ئېگىزلىكتە بامبۇك قاشا ئورناتتى. خوجايىنىم بەك خۇشال بولۇپ، ئەمدى پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە، خوجايىنىم بەك كالۋا بولۇپ، ئۇنچىلىك تەدبىرلەر بىلەن بۇ جانابلارنىڭ ئۇ ھەرىكىتىنى توزەتكىلى بولمايتتى. ئادەملەرنى ئەخمەق قىلىش قىزىقارلىق ئىش ئىدى. ھەتتا مەن مۈشۈكمۇ ھەمىشە خوجايىنىمنىڭ قىزلىرىنى ئەخمەق قىلىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلاتتىم. «بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى جانابلارنىڭ مىنىڭ بۇ كالۋا خوجايىنىمنى ئەخمەق قىلىشى پۈتۈنلەي ھەقلىق ئىش ئىدى، شۇ سەۋەبتىن نارازى بولغىنى ئېھتىمال پەقەت خوجايىنىم ئۆزىلا ئىدى. ئەگەر ئادەمنى ئەخمەق قىلغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ يەردە ئىككى ئامىل بار. بىرىنچى، ئەخمەق قىلىنغۇچى ھەرگىز بۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ، كارى بولماي تۇرالمايدۇ. ئىككىنچى، ئەخمەق قىلغۇچىلار چوقۇم كۈچ جەھەتتە، ئادەم سانى جەھەتتە

ئەخمەق قىلىنغۇچىدىن كۆپ دەرىجىدە ئۇستۇن تۇرۇشى كېرەك. ئادەم ئەخمەق قىلىش، قىزىقچىلىق قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئويۇن. ئەمما، ئەگەر بۇ ئىش قارشى تەرەپنى ئاچچىقلىتالمىسا، تىت ــ تىت قىلالمىسا ياكى گاڭگىرىتىپ قويالمىسا، بۇ قىزىقچىلىق بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى نامايان قىلىدىغان، ئەمما، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلماي كىشىلەرنى ئەخمەق قىلىدىغان ئويۇن ناھايىتى قىزىقارلىق ئويۇندۇر.

باشقىلارنى ئەخمەق قىلىشنىڭ تۇرى كۆپ، سۆزلەپ كەلسەك گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ، مەن بۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ئەگەر راستىنلا ئاڭلاشنى خالىساڭلار، قۇرۇتۇلغان بېلىق ئېلىپ كېلىپ مېنى ئىزدەڭلار، مەن ھەر ۋاقىت سىلەرگە سۆزلەپ بېرىمەن. ئەگەر يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمدىن پايدىلىنىپ يەنىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، تاغدىكى مايمۇنلار، مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرنى ئەخمەق قىلىش ئەڭ مۇۋاپىق. بۇ يەردە مەن مەكتەپتىكى مۇئەللىم بىلەن تاغدىكى مايمۇنلارنى بىر ئورۇنغا قويدۇم، بۇ بەلكىم بىرئاز ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق، مايمۇنلارغا ئەمەس، بەلكى مۇئەللىملەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولار. ئەمما، ئۇلار بىر ــ بىرىگە بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا مەندە نېمە ئامال بار؟ بىلىشىمچە، تاغدىن تۇتۇپ كېلىنگەن مايمۇن زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلىدىكەن، ئۇ

ھەرقانچە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ھۆركىرەپ، چىرقى-
رىسىمۇ، كىشىلەرگە دەخلى قىلالمايدۇ. ئوقۇتقۇچى
گەرچە زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ-
نىڭ پۇت - قولى ماتاش بىلەن باغلاپ قويۇلغان بولىدۇ.
شۇڭا سەن ئۇنى قانداق ئەخمەق قىلساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ،
ئۇ ھەرگىز ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇپ، ئارقىدىن خىزمەتتىن
ئىستىپا بېرىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. مېنىڭ خوجايى-
نىم ئوقۇتقۇچى، ئۇ ئەخمەق قىلىشقا بەك باب كېلىدۇ،
بۇ بەك ئاساس ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بەك ياۋاش
ئادەم. «بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇ-
چىلار ھەممىسى ئۆسمۈرلەر، ئۇلار باشقىلارنى ئەخمەق
قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى كۆرسەتكىلى
بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار باشقىلارنى ئەخمەق
قىلمىسا، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تېشىپ تۇرغان
پۇت - قوللىرى، كاللىسىنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ مانا
مۇشۇ شەرتلەرگە ئىگە بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار تەبىئىي
ھالدا باشقىلارنى ئەخمەق قىلىدۇ، خوجايىنىم ئەلۋەتتە
ئەخمەق قىلىنىدۇ. خوجايىنىمنىڭ بۇنىڭغا غەزەپلىنى-
شى ئۆزىنى بىلمىگەنلىك، ئەخمەقلىقتە ئۇچىغا چىققان-
لىق. تۆۋەندە مەن «بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىدى-
كى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خوجايىنىمنى قانداق ئەخمەق
قىلغانلىقى، خوجايىنىمنىڭ ئۆزىنى قانداق سورىمىغان-
لىقىنى سىلەرگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىمەن.

سىلەر ھەرقايسىڭلار غىش شەكىللىك بامبۇك قا-
شانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر بەلكىم. مۇشۇك-
لەرگە ئۇنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئوخشاشلا ئىش، مۇ-
شۇكلەر ئۇنىڭ يوچۇقىدىن ئەركىن كىرىپ چىقىۋېرىدۇ.
«بولۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئۆز
مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ -
چىقماسلىقى ئۈچۈنلا بۇ بامبۇك قاشانى ياساتقان. خو-
جايىنىم ناھايىتى يېنىكلىك بىلەن ھەرقانچە ئورۇق
ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، بۇ قاشانىڭ يوچۇقىدىن ھەرگىز
ئۆتەلمەيدۇ دەپ قارىغان، باشقىلارنىڭ يەنە ئۇ يەردىن
كىرىشىدىن زادىلا ئەنسىرىمىگەن. ئەمما، قاشا ئۈستىدىن
ئاتلاپ ياكى سەكرەپ ئۆتۈش ئاسانلا ئىش ئىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر ھەرىكەت بولۇپ قالاتتى.

بۇ قاشا ياسالغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى، خۇددى
ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدەك قاشا يوقتەكلا ئۇلار شىمالىي
تەرەپتىكى قاشادىن ئاتلاپ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ كىرگەن-
لىكىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ تۇتقىلى بولمايتتى، پەقەت
ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ئەيىبلەشكىلا مەجبۇر بولىدىغان
ئىش ئىدى. ئەگەر يانىدىكى ئىشىكتىن ئايلىنىپ
ئۇلارنىڭ قېشىغا تۇيۇقسىزلا كىرەي دېسە، ئۇلار ئاياغ
تىۋىشىنى ئاڭلىسىلا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى يەنە
قاشادىن ئاتلاپ ئۆز تەۋەلىكىگە كىرىشىۋالاتتى. خوجايى-
نىم تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ پايدىسىز يېرى شۇكى،

بىرىنچىسى، كۆتۈپخانىدا تۇرغاندا پەقەت ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى، ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىككىنچىسى، گەرچە ھاجەتخانىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇلارنى كۆرگىلى بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ يەردىن چىققىلى بولمىغاچقا تۇتقىلى بولمايتتى. ئۇلار خوجايىنىمنىڭ بۇ ئاجىزلىقلىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللاندى: ئۇلار خوجايىنىمنىڭ كۆتۈپخانىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان بولسا، بولۇشىچە ۋارقىرىشاتتى ھەم خوجايىنىمنى ئاڭلىسۇن دەپ قەستەن ئەدەپسىز گەپلەرنى قىلىشاتتى، يەنە خوجايىنىمنىڭ بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلارنىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتىشىگە ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. بىر ئاڭلىماققا ئاۋاز خۇددى قاشانىڭ بۇ تەرىپىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى، يەنە بىر ئاڭلىماققا قاشانىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ زادى نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاش تەس ئىدى. ئەگەر خوجايىنىم چىقىپ قالغۇدەك بولسا دەرھال قېچىپ كېتىشەتتى ياكى بولمىسا قاشانىڭ ئۇ تەرىپىدە خوجايىنىمغا پەرۋا قىلماي تۇرۇشاتتى. خوجايىنىم بىردەم ھويلىغا چىقاتتى، بىردەم ھاجەتخانىغا كىرىپ دېرىزىدىن قارايتتى، بىردەم يەنە ھاجەتخانىدىن ئارقا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ باشتىكى ھەرىكىتىنى تەكرارلايتتى. ھېرىپ ھالىدىن كېتىش دېگەن دەل مانا شۇ ئىدى. خوجايىنىم قاتتىق غەزەپلەنگەچكە، ئادەم ئۇنىڭ كەسپىنىڭ زادى ئوقۇتقۇچىلىق

ياكى مۈشۈنداق جىبدەللەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بىلەلمەيتتى.

«بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى چاتاقچىلار يېقىندا بىر خىل ئوق ئىجاد قىلىشتى، ئۇلار دەرس ئارىلىقىدىكى ئون مىنۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتىدا ياكى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىنكى چاغدا شىمال تەرەپكە ئوق ئاتاتتى. بۇ ئوق بىر خىل توپ بولۇپ، ئۇلار ئۇنى كالتەك بىلەن خالىغىنىچە ئاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن، مەن ئادىتىم بويىچە پېشايۋان ئاستىغا كېلىپ ئۇخلىغان چېغىمدا يولۋاسقا ئايلىنىپ چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە مەن خوجايىنىمغا: «توخۇ گۆشى ئەكەل!»دەپ بۇيرۇق قىپتىمەن. خوجايىنىم دەرھال ماقۇل دەپ شۇ هامان توخۇ گۆشى ئەكەپتۇ. تۇيۇقسىز ئۆيدىن قاتتىق ئاۋاز چىقىپ، قورقىنىمدىن دەرھال ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ چاغدا، بايا ئالدىمدا باش ئېگىپ تىترەپ تۇرغان خوجايىنىم دەرھال باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ هاجەتخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، قورسىقىمغا قاتتىق دەسسىۋەتتى. مەن بەك هەيران قالدىم. ئۇ ئادەتتە ئۆيدە كىيىدىغان ياغاچ كەشى بىلەنلا يان ئىشىكتىن ئۆتۈپ، «بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن چۈشۈمدە ھېلىلا يولۋاس ئىدىم، ئەمدى بىردىنلا مۈشۈك بولۇپ قالدىم، شۇڭا بۇ كۆلكىلىك تۇيۇلۇپ بىرئاز خىجىل بولۇپ قالدىم. مەن

دەرھال خوجايىنىمغا ئەگىشىپ ئارقا ئىشىككە كەلدىم.
مەن خوجايىنىمنىڭ:

— ئوغرى! — دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم. 19 ـ 18 ياشلاردىكى، ناھايىتى قاۋۇل، ئوقۇغۇچىلار شەپكىسى كىيگەن بىر ئوغۇل بالا بامبۇك قاشادىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. خوجايىنىم ئۇ بالىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قاشادىن ئاتلاپ ئۆتتى، ئەمما، يەنە ئىچىكىرىلەپ كىردى. ۋەرىسە ئۆزى ئوغرى بولۇپ قالاتتى. بىراق، قارىغاندا خوجايىنىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغان، ئۆزى ئوغرى بولۇپ قالسىمۇ غەيرەتكە كېلىپ ئاخىرغىچە قوغلاپ ئوغرىنى تۇتماي قويمايدىغاندەك تۇراتتى. دەل خوجايىنىم قارشى تەرەپنىڭ تەۋەلىكىگە قەدەم باساي دەۋاتقان ئاشۇ ئىنتايىن جىددىي پەيتتە، قارشى تەرەپتىن ساقاللىق بىر باشلىق چىقىپ كەلدى. ئۇ خوجايىنىم بىلەن قاشانىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. قۇلاق سالسام، ئۇلار ئەسلىدە ئەھمىيەتسىز سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن.

— ئۇ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

— ئوقۇغۇچى تۇرۇپ نېمىشقا باشقىلارنىڭ قورۇسىغا ئۆسۈپ كىرىدۇ؟

— ئۇلارنىڭ توپى چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن!

— نېمىشقا ئاۋۋال خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ ئاندىن كىرمەيدۇ؟

— بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىمىز!
— بولىدۇ.

مەن ئەسلىدە بۇ سۆھبەتتە چوقۇم كەسكىن ئىبلە-شىشلار بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، نەتىجىدە ئۇ مانا شۇنداق ناھايىتى سىپايە ھالدىكى سۆزلىشىش بىلەنلا ئاياغلاشتى. خوجايىنىمنىڭ غەيرىتى باشتىلا كەلگەنىدى، ئەمما، تازا جىددىي پەيتكە كەلگەندە خۇددى مەن چۈشۈمدە يولۋاسقا ئايلىنىپ، چۆچۈپ ئويغانغاندا بىردىنلا يەنە مۈشۈك ھالىتىمدە قالغاندەك ھەيۋىسى پۈتۈنلەي سۇندى.

يەنە بىر چوڭ ۋەقەنى دەپ بېرەي: بىر قېتىم ئو-قۇغۇچىلار قەستەن توپىنى بىزنىڭ ھويلىغا چۈشۈرۈۋې-تىپ، ئۇنى ئالغىلى كىردى. قاتتىق غەزەپلەنگەن خوجا-يىنىم ئۇلارنىڭ بىرىنى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلدى، يەنە ئاسفىنى مەكتەپكە مەكتەپ مۇدىرى ۋە تەرتىپ مۇدىرىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. قىزىق يېرى خوجايىنىم يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى سىلىق-سى-پايە، تەكەللۇپ بىلەن سۆزلەشتى. تەرتىپ مۇدىرى ئو-قۇغۇچىلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مانا بۇ مەن دەپ بەرمەكچى بولغان چوڭ ۋەقە. ئەگەر بىرەركىم مەسخىرە قىلىپ: «نېمە؟ مۇشۇمۇ چوڭ ۋەقە ھېسابلىنامدۇ؟» دېسە، ئۇ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋەرسۇن. مەن بۇنى خو-جايىنىم ئۈئىلىسىدىكى چوڭ ۋەقە دېدىم. باشقىلار ئائى-لىسىدىكى چوڭ ۋەقە دېمىدىم. ئەگەر بىرەر كىم: بۇ



بېشى بار، ئاخىرى يوق، ھېرىپ قالغان ئوق تامغا ئۇ-سۇپ توختاپ قالغاندەك ئىشكەن دېمەكچى بولسا، مەن شۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشقا ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇ مې-نىڭ خوجايىنىمنىڭ مىجەزى.

مەن ئېيتىۋاتقان ئىشلارنى ئېھتىمال بەزى ئوقۇر-مەنلەر ئاغزىغا كەلگىنىچە لاپ ئۇرۇش، قالايمىقان سۆزلەش دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، مەن سۆزلىگەن ھەربىر ئېغىز سۆز ئۆلۈغ ھەقىقەت بولۇپلا قالماي، ئەگەر ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ قارايدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭ باشتىن - ئاخىر ئىزچىللىقىنى، ئالدى - كەينى-نىڭ بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر. ئىلگىرى ئۇلارنى پەرۋاسىزلا ئوقۇپ، ئۇنى قۇرۇق گەپلەر ئىكەن دەپ قارىغان كىشىلەرمۇ ئەگەر قايتا ئوقۇپ چىقىدىغان بولسا، ئىلگىرىكى قارىشىنى دەرھال ئۆزگەرتىدۇ.

ئەتىسى، سەيلە قىلغۇم كېلىپ كوچىنى ئايلانغىلى چىقتىم، ئۇدۇلدىكى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ساندائىمچى بېگىم بىلەن سۇزۇكى ئەپەندى پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن سۇزۇكى ئەپەندىنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزۇن بولغانىدى، شۇڭا بۇ قېتىم ئۇنىڭ سالاپىتىنى يان تەرەپتىن تولۇق كۆرۈۋالماقچى بولدۇم. ئاشۇ نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن، مەن ئاستا ئىككى ئەپەندىنىڭ يېنىغا باردىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىردى. بۇ ھەرگىز

مېنىڭ ئوغرىلىقچە ئاڭلىغىنىم ئەمەس، ئۇلار ئاشكارا سۆزلىشىۋاتىدۇ ـ دە!

— ئالدىنقى كۈنلەردە سىز بىلەن بىر كۆرۈشمەكـچى بولغانىدىم، — دېدى ساندائىچى ئەپەندىم.

— ھەي، ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇغۇ، قانداق تاپشۇرۇقىڭىز بار ئىدى؟

— ياق، ئۇنچىۋالا چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، ئەرزىمەسلا بىر ئىش ئىدى، ئەمما، سىز بولمىسىڭىز بولمايتتى.

— ئەگەر قولۇمدىن كېلىدىغانلا بولسا، چوقۇم قىـلىپ بېرىمەن.

— زادى نېمە ئىش ئىدى؟

— ھېلىقى غەلىتە ئادەمنىڭ، ھېلىقى سىزنىڭ بۇرۇنقى دوستىڭىزنىڭ ئىشى بولمامدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ ئىسمى كۇساميغۇ دەيمەن. ئۇ چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، ئەمما، ھېلىقى ئىشتىن بۇيان، خاپىلىقىم تۈـگىمەيلا كېلىۋاتىدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق ـ تە! بۇ پۈتۈنلەي كۇسامىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن ھېسابلىشىپ باقسا بولاتتى، بۇ تولىمۇ ئۆزىنى بىلمىگەنلىك.

— مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە! بۇ قېتىم مەن ئۇنى ئازراق ئەدەپلەپ قويدۇم. مەن نۇرغۇن چارە ـ تەدبىرلەرنى ئويلاپ، ئاخىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇنىڭ ئەسپىنى بەرگۈزدۇم.

— بۇ چارە قالتىس بوپتۇ، قانداقراق، ئۇنۇمى كۆرۈلدىمۇ؟

— بۇ نۆۋەت ئۇ ئەبلەخ چىدىيالمايلا قالدى، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي چوقۇم ئۇتتۇرغىنىغا تەن بېرىدۇ.

— بەك ياخشى بوپتۇ. ئۇنىڭ تەلۋىلىكىگە قارىماي، ئۇ ھەرگىزمۇ سىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— توغرا، ئۇ بىر ئادەم نېمە ئىش قىلالايتتى؟ مې-نىڭ بۇ تەدبىرىم ئۇنىڭغا خېلىلا ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا مەن سىزنى ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىنى بىر كۆرۈپ كەلسە دەيمەن.

— ھە، شۇ ئىشمىدى؟ بولىدۇ، بۇ ئاسانلا ئىش. مەن ھازىرلا ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ كېلىپ سىزگە يەتكۈزەي. بۇ چوقۇم ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش بولىدۇ، بۇ جاھىل ئەبلەخنىڭ ھازىر بەلكىم روھى چۈشۈپ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟

ھۇ ئەبلەخ! بۇ ئەسلىدە بىر سۇيىقەست ئىكەن ـ دە! راست، كارخانىچىلارنىڭ تەسىر ـ كۈچى ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەن. پۈتۈن جەمئىيەتنى تەۋرىتىۋاتقىنى ھەقىقەتەن پۇل ئىكەن. پۇلنىڭ كۈچىنى تونۇپ، پۇلنىڭ قۇدرىتىنى ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە جارى قىلدۇرۇۋاتقانلار ھەرگىز كارخانىچىلاردىن باشقىلار ئەمەس ئىكەن. خوجايىنىم ئەگەر يەنىلا ئاشۇ قاتمال، جاھىل قارىشىدا

چىلىق تۇرۇۋېرىدىغان بولسا بەك خەتەرلىك ئىش بولىد
كەن، خوجايىنىمنىڭ قىممەتلىك جىنىنىمۇ ساقلا
قالغىلى بولمايدىكەن، خوجايىنىم سۇزۇكى ئەپەندى ب
لەن كۆرۈشكەندە نېمە دەركىن، زادى قانچىلىك دەرىجە
ئويغىناركىن؟ بۇلار پەقەت ئۇلار ئىككىسى ئۇچراشق
چاغدىلا ئاندىن ئېنىق بولىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ يەر
سۈرەلمىلىك قىلسام زادىلا بولمايتتى. مەن گەرچە ب
مۇشۇك بولساممۇ، ئەمما، بۇ خوجايىنىمنىڭ تەقدىر
مۇناسىۋەتلىك ئىش بولغاچقا ھەرگىز خاتىرجەم بولا
مايتتىم. شۇڭا، مەن سۇزۇكى ئەپەندىن بۇرۇن ئۆي
قايتىپ كەلدىم.

سۇزۇكى ئەپەندى ئەزەلدىن ھەرقانداق ئىشنى
ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ناھايىتى خ
شال ھالدا توختىماي سىلىق-سىپايە گەپلەرنى قىلد

— چىرايىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەسقۇ، سەل مىجەز
ڭىز يوقمۇ-قانداق؟

— ھېچقانچە ئىش يوق!

سۇزۇكى ئەپەندى گەپنى ئايلاندۇرۇپ خوجايىنىمد
ئەھۋال سوراپ، خوجايىنىمنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتمەك
ئىدى. بۇ چاغدا سارايىنىڭ ئىشىكى تاراقلىدە ئېچىلد
مەن چوقۇم مېھمان كەلدى دەپ ئويلىغانىدىم، ئۇ مې
مان ئەمەسكەن.

— تويىمىز ھويلىڭىزغا چۈشۈپ كەتتى، ئېلىۋا
ساق.

دىدەك ئازۇ ئاشخانىدا تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
— ئېلىنغۇېلىدىك.
ئۇ ئوقۇغۇچى ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى.
ۇزۇكى ئەپەندى چىرايىنى غەلىتە قىلىپ خوجايىنىم-
ن:
— نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ سورىدى.
—ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار توپىنى
ويلىغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.
— ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار؟ ئۆينىڭ
رقىسىدا ئوقۇغۇچىلار بارمۇ؟
— ھېلىقى «بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ
قۇغۇچىلىرى بولمامدۇ.
— ھە، ئوقۇغۇچىلار دەڭ. ئەمەسە سىزگە بۇ
اڭ - چۇرۇڭ بىلەن ئاراملىق يوق ئىكەنغۇ!
— نېمە ئاراملىق! مەن ھەتتا خاتىرجەمرەك ئولتۇرۇپ
ىتابمۇ كۆرەلمەيۋاتىمەن. ئەگەر مەن مائارىپ مىنىس-
رلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغان بولسام، ئۇ مەكتەپنى
زىرلا تاقىتىۋەتكەن بولاتتىم.
— ھا - ھا - ھا! ... ئاچچىقىڭىز خېلى بار ئى-
ن - ھە! بىرەر ئىش ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويدى-
ۇ - قانداق؟
— قويدىمۇ - قانداق دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ مەن ئە-
گەندىن كەچكىچە خاپىلىق ئىچىدىلا يۈرۈۋاتىمەن.

— ئۇنداق خاپىلىق ئىچىدە يۈرگەندىن كۆرە، كۆزەچۆپ كەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— جۈيلۈپ قاپسىز، مەن ھەرگىز كۆچۈپ كەتمەيمەن.

— ماڭا ئاچچىقلىغىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى؟ ھەي، باللار ئەمەسمۇ، ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

— سىز ئۇنداق قىلالىغىنىڭىز بىلەن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. تۈنۈگۈن مەن ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى چاقىرىپ كۆرۈشتۇم.

— ئوبدان بوپتۇ، ئۇلار سىزگە ناماقۇللۇق بىلدۈردىمۇ؟

— بۇ...

بۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ:

— كەچۈرۈڭ، تويىمىز ھويلاڭلارغا چۈشۈپ كەتتى، ئېلىۋالغان بولساق، — دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

— بۇ بۈگۈن ئۇلارنىڭ 16 ـ قېتىم كىرىشى.

— بۇنىڭغا سىزنىڭ ئىچىڭىز پۇشمامدۇ؟ بۇنىڭغا بىرەر ئامال قىلىپ كۆرمەمسىز؟

— بۇنىڭغا بىرەر ئامال قىلىپ كۆرمەمسىز؟ ئۇلار يەنە ئەنە شۇنداق قىلىۋاتسا، بۇنىڭغا مەن نېمە ئامال قىلىمەن؟

سۆزۈكى ئەپەندى خوجايىنىمغا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى، ئۇنىڭغا ئۇنداق جاھىللىق قىلماسلىقنى،

كاجلىق قىلماسلىقنى، بايلار بىلەن پۇت تېپىشمەسلىكنى، ئۇنداق قىلسا زىيان تارتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ چاغدا يەنە بىر بالا كىردى.

— كەچۈرۈڭ، تونۇيمىز يەنە چۈشۈپ كەتتى، ھويلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئېلىۋالسام بولامدۇ؟

— ھەي، يەنە كىرىپسەنغۇ؟! — دېدى سوزۇكى ئەپەندى كولۇپ.

— ھەقىقەتەن بەكمۇ قاملاشمىغانلىق! — دېدى خوجايىنىم ئاچچىقىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا.

سوزۇكى ئەپەندى زىيارىتىمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەمەلگە ئاشتى دەپ ئويلاپ:

— ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم! ۋاقتىڭىز چىقسا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەرسىز، — دەپ قايتىپ كەتتى.

سوزۇكى ئەپەندىنىڭ ئەمدىلا كېتىشىگە كايىيۇشى دوختۇر كىرىپ كەلدى. تۈنۈگۈن ئاخشام خوجايىنىم كۆتۈپخانىسىدا كۆپ ئويلاندى، ئۇ بىرئاز نورمالسىزلىق ھېس قىلدى. زادى «بۇلۇت سارىيى» ئوتتۇرا مەكتىپىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلۈۋاتامدۇ ياكى ئۆزىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلۈۋاتامدۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە گۇمانلىنىشقا ھەقلىق ئىدى. ئىشقىلىپ نورمالسىزلىق ئېنىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ

بىلەن قوشنا بولسىمۇ، ئەمما، ھەمىشە مۇنداق ئاچچىق-لىنىپ يۈرۈشىنىڭ سەل نورمالسىزلىق بولىدىغانلىقى-نى ھېس قىلدى. نورمالسىزلىق بولغانىكەن، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا بىر ئامال قىلىش كېرەك ئىدى. ئۇ ئامال قىلاي دېگەن بولسىمۇ، ئەمما، يەنىلا بىرەر ئامال تاپالمىدى. ئۇ ئازراق دورا يەپ ئاچچىقىنى سەل باسقاندىن باشقا ئامال تاپالمىدى. ئۇ بۇ جەھەتلەرنى چۈشىنىپ، ئەزەلدىن ئۆزى بىلەن ئوبدان تونۇش بولغان كايىۋشى دوختۇرنى چاقى-رىپ بىر تەكشۈرتۈپ بېقىش ئويىغا كەلدى.

خوجايىنىم:

— ئالدىنقى كۈنلەردە ئۇخلىتىش تەدبىرلىرى توغ-رىسىدىكى بىر كىتابنى ئوقۇدۇم، ئۇخلىتىش ئارقىلىق خېلى كۆپ كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، سىزنى چاقىرىپ بۇ داۋالاش ئۇسۇلىنى سىناپ باقايمىكىن دېۋىدىم، — دېدى. مەسىلىھەتلىشىش ئارقى-لىق ناھايىتى تېزلا خوجايىنىم ئۇخلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ داۋالىنىپ كۆرۈش قارارىغا كەلدى. مەن ئىلگىرى بۇنداق ئىشنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاچقا بەكلا خۇشال بولدۇم، شۇڭا، مېھمانخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئەدەپ بىلەن قاراپ تۇردۇم. دوختۇرنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى خوجايىنىمنىڭ قاپىقىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قايتا-قايتا ئۇۋۇلاش ئىدى. دوختۇر كۆزنى ئۇۋۇلىغاچ:

— قاپىقىڭىز چىڭقالغاندەك ھېس قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ھەئە، بىرئاز چىڭقىلىۋاتىدۇ، — دېدى. خوجايىنىم دوختۇر ئاشۇنداق ئۈچ-تۆت مىنۇت ئۆۋۈلىغاندىن كېيىن:

— ھە! ئەمدى كۆزىڭىزنى ئىككىنچى ئاچالمايدىغان بولدىڭىز! — دېدى. نېمىدېگەن بىچارىلىك. خوجايىنىم قارىغۇ بولۇپ قالىدىغان بولدى. ئەمما، خوجايىنىم:

— شۇنداقمۇ؟ — دېيلا خۇددى ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا كۆزىنى ئاچتى.

— كارغا كەلمىدى! — دېدى خوجايىنىم ھىجىيىپ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇخلىتىش تەدبىرى ئاخىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. كاييۇشى دوختۇرمۇ قايتىپ كەتتى.

## 9

خوجايىنىمنىڭ يۈزى چوقۇر ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى چېچەك كەڭ يامراپ كەتكەنىكەن. «ياپونىيە-ئەنگلىيە ئىتتىپاقلىقى» كېلىشىمى ئىمزالانغان بۈگۈنكى ۋاقىتلاردا چوقۇرلۇق نېمىلا دېگەنبىلەن كىشىلەرگە دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئاڭلىشىمچە، خوجايىنىم ئۆزىنىڭ چوقۇرلۇقىدىن بىرئاز خىجىل بولىدىكەن. ئۇ ھەر

قېتىم كوچىغا چىققاندا ھەمىشە بۇگۈن ئۆزىگە قانچە چوقۇر ئۇچرىغانلىقىنى ساناپ كۆرەتتى.

خوجايىنىم ئۇدا يەتتە كۈن كۇتۇپخانىسىدىن زادىلا چىقمىدى، ئۇ بىرەرنەرسە ئۇستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. خوجايىنىم نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ مەن پېشايۋاندىن لاغايلاپ كۇتۇپخانا ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئۆي ئىچىدىكى تىۋىشقا قۇلاق سالدىم.

كۇتۇپخانىدا ناھايىتى چوڭ، ئەمما پۇتلىرى بەك پاكار بىر ئۇستەل بار ئىدى، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى ئائىلە سايمانلىرى دۇكىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالاھىدە ياسىتىلغان، كارىۋات ھەم ئۇستەل قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان غەلىتە بىرنەرسە ئىدى. خوجايىنىمنىڭ ئارقىسىدىن بېشىمنى سوزۇپ قارىسام، ئۇستەلدە پارقىراپ نۇر چېچىۋاتقان بىرنەرسە تۇرىدۇ. مەن كۆزۈمنى نەچچە قېتىم چىمچىقلاتتىم، بەك قىزىق ئىش. مەن ئەمدى كۆزۈمنى چىمچىقلىتىشنىمۇ قويۇپ، پۇتۇن دىققىتىم بىلەن ئۇ نەرسىگە تىكىلدىم. مەن ئاخىر بۇ نۇر چېچىۋاتقان نەرسىنىڭ ئۇستەل ئۇستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ھەرىكەتلەندۇرۇلۇۋاتقان ئەينەك ئىكەنلىكىنى بىلدىم. خوجايىنىم بۇ ئەينەكنى ئۇ يەردە نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ئەينەك ئەسلىي مۇنچىدا قويۇلاتتىغۇ؟ مېنىڭ بۇ ئەينەك توغرىسىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب خوجايىنىمنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ ئەينەكتىن باشقا ئەينەك يوق

ئىدى. خوجايىنىم ھەر كۈنى يۇزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چىچىنى تارايدىغان چاغدا مۇشۇ ئەينەكنى ئىشلىتەتتى. خوجايىنىم باشقا ئىشلاردا بەك ھۇرۇنلۇق قىلاتتى، ئەمما، چاچ تاراشقا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى، خوجايىنىمنىڭ بېشىدا چىچەك ئىزلىرى، تاتۇقلار بار ئىدى، ھاۋا ھەرقانچە ئىسسىپ كەتسىمۇ ھەرگىز قىسقا چاچ قويماي، ئۇزۇن چاچ قوياتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى سالاپەت بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى چاچلىرىنى سول تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ تارايتتى.

نېمىشقا ئەسلىدە مۇنچىدىلا تورۇشقا تېگىشلىك بولغان، خوجايىنىمنىڭ ئۆيىدىكى بىردىنبىر ئەينەك ئەمدى ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ قالدى؟ مەن ئاستا تېخى چىقارماي خوجايىنىمنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسالدىم. مېنىڭ ھەرىكىتىمنى زادىلا سەزمىگەن خوجايىنىم ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئەينەكتىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قارايتتى. بىردەمدىن كېيىن خوجايىنىم ئۆز ـ ئۆزىگە:

— ھەي! چىرايىم بەك سەت ئىكەن، — دېدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ سەتلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا، خوجايىنىمنىڭ ھەرىكىتى ھەقىقەتەن سەۋدايىلارچە ھەرىكەت، لېكىن ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەت ئىدى. ئۇ قانداق خىيالغا

كەلدىكىن، «پۇپ» قىلىپ قوۋزىغا يەل توشقۇزدى، ئاندىن كۆپتۈرۈلگەن قوۋزىنى قولى بىلەن ئىككى ـ ئۈچنى ئۇرۇپ قويۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە:

يۇزۇمنىڭ تېرىسى مۇشۇنداق چىڭ تۇرىدىغان بولسا، چوقۇرلارمۇ كۆرۈنمەيتتى، — دېدى. دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىنمۇ قىممەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك.

ئارقىدىن خوجايىنىم ساقىلىنى ئوچۇملاپ سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ساقىلى بەكمۇ رەتسىز، قالايمىقان ئىدى، شەخسىيەتچىلىك ناھايىتى ئەۋج ئالغان دەۋردىمۇ ئۇنىڭ بۇ رەتسىز، قالايمىقان تۇرىدىغان ساقىلى ئۇنىڭغا كۆپ ئاۋارىچىلىك كەلتۈرەتتى، شۇڭا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى. خوجايىنىم ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، ساقىلىنى كۆپ تاراپ، ئۇنى مۇمكىنقەدەر رەتلىك قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى، شۇڭا، مەيلى ئەتىگەن ياكى كەچ، مەيلى كۈندۈز ياكى كېچە بولسۇن، ۋاقتى بولسىلا ساقىلىنى ئەستايىدىل تاراپ رەتكە سالاتتى. ئۇ ساقىلىنى خۇددى گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ ساقىلىغا ئوخشاش ئىنتىلىش، غالىبىيەت تۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ساقال ھالىتىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدىن زادىلا يانمايۋاتاتتى.

خوجايىنىم بىر قولىغا ئەينەكنى ئېلىپ، بىر قولىدا ساقىلىنى تاراۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، خىزمەتكار

ئازۇ ئۈچ پارچە خەت كۆتۈرۈپ كىردى. خوجايىنىم ئۇنىڭ ئىشانە بېرىش توغرىسىدىكى خەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا بىر ياققا چۆرۈپ تاشلىدى. ئالدىنقى كۈنلەردە شەرقىي شىمال رايونىدا ئاپەت يۈز بەرگەندە، ئۇ ئىككى يىل ـ ئۈچ يىلدىن ئىئانە بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇچرىغانلا ئادەمگە ماختىنىپ، بىرمۇنچە پۇل ئىئانە قىلدىم، ئۇ ئىئانىنى، ئەلۋەتتە ئۆزۈم ئىختىيارىيلىقىم بىلەن بەردىم، ئۇنى باشقىلار مەجبۇرىي ئېلىپ كەتمىدى، دەپ يۈردى. ئۇ گەرچە شۇنداق دېسىمۇ، لې-كىن ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى خۇددى قاراقچىغا ئۇچرىغاندەك ھېس قىلدى. شۇڭا، بۇ قېتىم بۇلارغا زادىلا پەرۋا قىلمىدى.

چۈشتىن كېيىن ئۆيگە تۈيۈقسىز ساقچى كەلدى، ساقچىنىڭ نام ـ ئەمەل كارتىسىدا ساقچى نازارىتىنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچى ئەمەلدارى يوشىدا كوكۇرو دېگەن خەت تۇراتتى. ساقچى ئەمەلدارىنىڭ يېنىدا 25 ياشلاردى-كى بىر ئېگىز بويلۇق يىگىت تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدىم، يەنە بىر سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ھېلىقى يېرىم كېچىدە ئۆيىمىزگە ئوغرىلىققا كىرىپ، كارىۋات بېشىدىكى كى-چىك ساندۇقنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن كۆڭلۈمدە:

— ھۇ ئېبلەخ! بۈگۈن ئاشكارا ھالدا كۈندۈزى دەرۋازىدىن كىرىپسەندە! — دېدىم.

ئەسلىدە ساقچى ئوغرىنى تۇتۇۋالغانىكەن. خوجايە-
نىم ساقچىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن،
ئوغرىغا قاراپ بەكلا پوكولۇپ تەزىم قىلدى. بەلكىم
ئوغرى ساقچىغا قارىغاندا بەكلا كېلىشكەن، سالاپەتلىك
كۆرۈنگەنلىكتىن بولسا كېرەك، خوجايىنىم ئوغرىنى
ساقچى دەپ قالغانىدى. ئوغرى بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ
كەتتى. ئۇ ھەرگىز: «مەن ئوغرى»، دېيەلمەيتتى. شۇڭا،
ئىلاجىسىز خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇ يەردە تۇ-
رۇۋەردى. ئۇ قولىنى قوشتۇرۇپ تۇراتتى. ئەسلىدە قولىغا
كويزا سېلىنغان بولغاچقا، قولىنى ئۈزىتىمەن دېمۇ
ئۈزىتالمايتتى. ئادەتتە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپلا ھەممىنى
چۈشەنگىلى بولاتتى، ئەمما، مېنىڭ بۇ خوجايىنىم ئا-
دەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى، ئەمەلدارلار ۋە ساق-
چىلارغا بەكلا ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ ئەمەلدار غوجاملارنىڭ
سۈرى بەكلا قورقۇنچلۇق بولىدۇ دەپ تونۇيتتى. ئەلۋەتتە،
ئۇمۇ نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا ساقچىلارنىڭ پەقەت
پۇقرالار پۇل تۆلەپ، «ئۆي بېقىش» ئۈچۈن ياللىۋالغان
چاكارلار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما، ئاشكارا سورۇن-
لاردا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئىتائەتمەن بولۇپ كېتەتتى.
ساقچىغا ئۇنىڭ قىلىقلىرى ناھايىتى كۈلكىلىك
تۇيۇلدى بولغاي، ھىجىيىپ تۇرۇپ:
— ئەتە چۈشنىڭ ئالدىدا سائەت توققۇزدىن بۇرۇن

شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە بىر بېرىپ، قايسى يىتكەن نەرسىلىرىڭىز بار ئىكەن بىر كۆرۈپ باقسىڭىز، — دېدى.

— يىتكەن نەرسىلەر...، — دەپ گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويدى، — خوجايىنىم ئەمدى ئۇنىڭ ئاخىرىنى چىقارمىسا يۈزىگە سەت بولاتتى. ئەگەردە باشقىلارنىڭ نەرسىسى ئوغرىلانغان بولسىغۇ مەيلىدى، ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئوغرىلانغان تۇرۇپ بۇنى ئېنىق دەپ بېرەلمىسە يۈزى چۈشمەمدۇ! ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ:

— ئوغرىلانغان نەرسە......بىر ساندۇق چۆپ دورا، — دېدى.

قارىغاندا ئۇ ئوغرى بۇچاغدا تېخىچىلا كۇلكىسىنى توختىتالمايۋاتقان بولسا كېرەك، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئاغزىنى ياقىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان ئىدى. ساقچى ناھايىتى جىددىي تۇستە:

— چۆپ دورا تېپىلمىدىغۇ دەيمەن، باشقا نەرسىلەر ئاسان تېپىلدى. ھە، سىز بېرىپ كۆرسىڭىزلا بىلىسىز. يىتكەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندا تونۇۋېلىش جەدۋىلىنى تولدۇرۇدىغان گەپ، تامغىڭىزنى ئالغاچ بېرىشنى ئۇنتۇماڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، چوقۇم سائەت توققۇزدىن بۇرۇن چىيەنساۋ ساقچى ئىدارىسى قارىمىقىدىكى شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە بېرىڭ! ئەمسە خوش، — دېدى.

## 10

خوجايىنىمنىڭ ئايالى ئىشىك ئالدىدا خوجايىنىنى چاقىردى:

— سائەت يەتتە بولدى، تېز ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ!

خوجايىن ئويغانغانمۇ ياكى تېخىچىلا ئۇخلاۋاتامدۇ بىلمىدىم، ئۇنىڭدىن جاۋاب چىقمىدى. جاۋاب بەرمەسلىك خوجايىنىمنىڭ كونا ئىللىتى ئىدى. زادىلا ئامال بول-ماي، جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغان چاغدىلا ئۇ «ھە» دەپ قوياتتى. ھەتتا مۇشۇ «ھە» مۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەرگىز ئاسانلىقچە چىقمايتتى. ئادەم ئەگەر ھورۇنلۇق قىلىپ سۆز قىلىشنىمۇ خالىمىسا، ئۇنىڭ بەلكىم باشقا جە-ھەتلەردە مەلۇم بىر قىزىقىش ـ ھەۋەسلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئەزەلدىن بىرەر ئايال ئۇنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن ئېيتساق، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئايالىمۇ ئۇنى ئانچە ھۆرمەتلىمەيۋاتقان يەردە باشقىلارنىڭ قانداق قى-لىدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم، ئەسلىدە مېنىڭ خو-جايىنىمنىڭ ئىككى جىنس ئارىسىدىكى ئاياللار ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشلىرىنى بۇ يەردە ئاشكارىلىشىمنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، ئەمما، خوجايىنىمنىڭ نۇرغۇن ئوي ـ خىياللىرى توغرا ئەمەس، ئۇ ھە دەپ

سەۋەب كۆرسىتىپ، ئاياللىرىنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەس-لىكى دەل ئۇنىڭ تەلەيسىز ياشقا ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقىدىن دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىيالى ئۆزىنىڭ خاپىلىقىنىڭ سەۋەبچىسى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىم، ئۇنىڭغا ياردەم  قىلىش نىيىتىدە بۇنى دەپ بەردىم.

ئاياللىرىنىڭ ساقچى ئېيتقان ۋاقىت توشتى دەپ قاد-چىلىك ئەسكەرتىشىدىن قەتئىينەزەر، خوجايىنىم زادىلا پەرۋا قىلمىدى، ھەتتا «ھە» دەپمۇ قويمىدى. دېمەك، ھەرگىز خوجايىنىمنىڭ ئايالى ئەمەس، بەلكى خوجايە-نىم ئۆزى پەرۋا قىلمىدى. خوجايىنىمنىڭ ئايالى «سىز كېچىكىپ قالسىڭىز، مېنىڭ كارىم يوق» دې-گەندەك قىلىپ سۈپۈرگە ۋە چاڭ تازىلىغۇچنى كۆتۈرۈپ كۇتۇپخانىنى تازىلىغىلى ماڭدى، ئارقىدىنلا كۇتۇپخاند-دىن پاس - پاس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ ھەر كۈندى-كىدەك تازىلىق ئىشىنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. خوجايىنىمنىڭ ئاياللىرىنىڭ كۇتۇپخانىنى تازىلىشىنى قىلچە ئەھمىيەتسىز دېمەي بولمايتتى. نېمىشقا ئۇنى قىلچە ئەھمىيەتسىز دەيمىز؟ چۈنكى، بۇ خانىم كۇتۇپخانىنى پەقەت تازىلاش ئۈچۈنلا تازىلايتتى. چاڭ تازىلىغۇچ بىلەن ئىشىكنى ئۇرۇپ قوياتتى، سۈپۈرگىنى كارىۋات ئۈستىدە بىر سىيرىپلا قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن تازىلىق تامام بولاتتى. نېمىشقا تازىلىق قىلىنىدۇ،

تازىلىقنىڭ ئۇنۇمى زادى قانداق بولدى، ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. شۇنداق بولغاچقا پاكىز جايلار ھەر كۈنى پاكىز تۇراتتى، ئەمدى ئەخلەت بار جاي، چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن جاي مەڭگۈ شۇ پېتى قېلىۋېرەتتى. خوجايىنىمنىڭ ئايالى بىلەن تازىلىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت كۆپ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر مېخانىك ئادەت بولۇپ، ئىككىسى بىر - بىرىگە چىڭ باغلىنىپ كەتكەنىدى.

خوجايىنىمنىڭ ئەكسىچە مەن ھەمىشە سەھەر تۇراتتىم، مانا ھازىر قورسىقىم شۇنداق ئېچىپ كەتتى. بىز مۈشۈك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئائىلىدىكىلەر ناشتا قىلىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ بىرەرنەرسە يېيىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ بەلكىم بىز مۈشۈكلەرنىڭ بىر پاجىئەسى بولسا كېرەك. ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغان چاغدا، ئەڭ ياخشى تەدبىر ئاۋۋال شۇ ئۈمىدنى كاللىدىن بىر ئۆتكۈزۈپ ئۆزۈڭنى توختىتىۋېلىشىڭدا. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ناھايىتى قىيىن بولۇپ، ھامان كۆڭلۈڭدىكى ئۈمىدنىڭ ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى بىر بىلىپ باققۇڭ كېلىدۇ، ھەتتا يەنە نەتىجىسى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئېنىق بولغان

ئىشتىمۇ، ئۇمىدسىزلىكنى باشتىن كەچۈرۈشتىن ئىل-گىرى يەنىلا بولدى قىلغۇلۇق كەلمەيدۇ. مەن زادىلا تاقەت قىلالماي ئاشخانىغا چىقىپ، ئوچاق ئارقىسىدىكى بىر-لىققا قاراپ باقتىم. خىزمەتكار ئازۇ يىغىلا پىشقان گۆرۈچ ئاشنى تاماق چېلىكىگە ئېلىۋاتاتتى، ئاندىن ئۇ ئوچاقتىكى كۆكتات شورپىسىنى ئارىلاشتۇردى. مەن تا-ماق ۋە شورپا تەييار بوپتۇ، ماڭا بەرسە بولىدۇغۇ دەپ ئويلىدىم. مۇنداق چاغدا تەكەللۇپ قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، گەرچە مەقسىتىمگە يېتەلمىسەممۇ، ئەمما ھېچقانداق زىيان تارتمايسەن، شۇڭا، مەن گەرچە بۇ ئائىلىدە بىكار تاماق يەيدىغان مۈشۈك بولسامىمۇ، ئۆ-زۈمنىڭ ناشتىلىقىنى سۈيلىگىنىم ياخشى ئىدى، قور-ساق ئاچلىقىغا چىدىغىلى بولمايدۇ ـ دە! مۈشۈلارنى ئويلاپ، ئاسانغا قاراپ «مياڭ، مياڭ» دەپ مياۋلىدىم، بۇ ھەم ئەركىلەشكە، ھەم دەرد تۆكۈشكە ئوخشايتتى. ئەمما، ئازۇ بۇنىڭغا زادىلا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئەزەلدىن جاھىل ئىدى، ئادەمگەرچىلىك دېگەننى بىلمەيتتى، بۇ-نى مەن بۇرۇنلا بىلىپ بولغان. ئەمما، ئۇ مېنىڭ كارا-مىتىمنى كۆرۈپ قويسۇن، مەن تېخىمۇ ياخشى مياۋلاپ ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىشىم كېرەك. شۇڭا، مەن بايىقى مياۋلىغان ئاۋازىمنى ئۆزگەرتتىم، ھەتتا ئۆزۈممۇ بۇنىڭ ھەسرەتلىك، ئېچىنىشلىق ئاۋاز ھەرقانداق بىر مۇساپىرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ دەپ ئويلىدىم.

ئەمما، ئازۇ بۇنىڭغا زادىلا پەرۋا قىلمىدى. بەلكىم بۇ ئايال گاس بولسا كېرەك. گاس ئاشخانا ئىشلىرىنى قىلالمايدۇ، ئۇ ئېھتىمال پەقەت مۇشۇكنىڭ مياۋلىغىنىنىلا ئاڭلىمىسا كېرەك. ئاڭلىسام دۇنيادا رەڭ قارىغۇسى دېيىلىدىغان ئادەملەر بولىدىكەن، ئۇزى كۆرۈش ئىقتىدارىم نورمال دېسىمۇ، لېكىن دوختۇر ئۇنى مېيىپ دەپ ھېسابلايدىكەن. ئازۇ بەلكىم گاس بولسا كېرەك، گاسمۇ ئەلۋەتتە مېيىپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مېيىپلىكىگە قارىماڭلار، ئۇ بەك ئۆكتەم، يېرىم كېچىلەردە مېنىڭ ھەرقانچە تەرىتىم قىستاپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى ھەرقانچە ئىلتىماس قىلسامىمۇ ئۇ ئەزەلدىن ماڭا ئىشىكنى ئېچىپ بەرمىگەن. ئاندا - ساندا تاسادىپىي مېنى چىققىلى قويغان بولسىمۇ، ئەمما، كىرگىلى قويمىغان. كەچ كۈزدىكى سوغۇق قىرولا ئەمەس، ياز كېچىسىدىكى شەبنەممۇ بەدەنگە زىيانلىق. مېنىڭ كېچىچە لەمپە ئاستىدا لاغىلداپ تىترەپ چىققانلىقىمنى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئالدىنقى بىر كۈنلەردە ئۇ مېنى سىرتتا قويۇپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ياۋا ئىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدىم، كېيىن مىڭ ئۆلۈپ - بىر تىرىلىپ ئاران دېگەندە ئۆگزىگە چىقىۋالدىم، ئەمما، ئۇ يەردە كېچىچە كاسىلداپ تىترەپ چىقتىم. سەن مەيلى قانداق يالۋۇرۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، مۇنداق ئادەملەر زادىلا پەرۋا قىلمايدۇ. ئەمما، «نامراتلار

ئىرادىسىز بولىدۇ»، «قىزلارنى كۆرسىلا ھېسسىياتى قوزغىلىپ، مۇھەببەت خېتى يازغۇسى كېلىدۇ» دېگەندەك مۇنداق ئەھۋالدا يەنىلا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەن ئۈچ قېتىم مىياۋلىغان چېغىمدا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ئالاھىدە باشقىچە ئاۋاز بىلەن مىياۋلىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يېقىملىق ئاۋازىنىڭ بېتخوۋېننىڭ سىمفونىيىسىدىن ھەرگىز قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەمما، ئۇ ئازۇ زادىلا تەسىر قىلمىدى.

مەن ئاستا ياتاقخانىغا كىرىپ خوجايىنىمنىڭ ئورنىدىن تۇرغان ياكى تۇرمىغانلىقىغا قاراپ باقماقچى بولدۇم. قارىسام خوجايىنىمنىڭ بېشى كۆرۈنمىدى، يوتقاننىڭ ئايىغىدىن يوغان بىر پۇت چىقىپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ بېشىنى چىقىرىپ ياتسا ئايالىنىڭ چاقىرىپ ئويغىتىشىدىن ئەنسىرەپ، مۇشۇنداق بېشىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان تاشپاقىغىلا ئوخشايتتى. بۇ چاغدا خوجايىنىمنىڭ ئايالى كۇتۇپخانىنى تازىلاپ بولۇپ، سۈپۈرگە ۋە چاڭ تازىلىغۇچنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، يەنە بايىقىدەكلا ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ چاقىردى:

— نېمىشقا تېخىچە ئورنىڭىزدىن تۇرمايسىز؟

ئەمما، يەنىلا جاۋاب چىقمىدى، خوجايىنىمنىڭ ئايالى خانىغا كىرىپ سۈپۈرگە بىلەن كارىۋاتنى ئۇردى:

— ئورنىڭىزدىن تۇرىدىغان ۋاقىت بولدى! — ئۇ يەنە ئېرىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئەمما، بۇ چاغدا خوجايىن بۇرۇنلا ئويغانغان بولۇپ، خوتۇنىنى ئۇرۇۋال-مىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىپ، بېشىنى يوتقان ئىچىگە پۇركىۋالغان، بېشىنى يوتقان ئىچىگە تىقىۋالسىلا، خو-تۇنىنىڭ ئويغىتىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك بىر ئەخمىقانە ئوي بىلەن يېتىۋالغانىدى، ئەمما، خوتۇنى ئۇنى يەنىلا قويۇپ بەرمىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى بىرىنچى قېتىم ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ چاقىرغانىدى، ئەمما، بۇ قې-تىم خوتۇنى كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، سۇپۇرگىنىڭ سېپى بىلەن كارىۋاتنى ئۇرۇپ تۇرۇپ چاقىردى. شۇڭا، ئەمدى مۇنداق قىلىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى بىلدى - دە، «ھە» دەپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

— سائەت توققۇزدىن بۇرۇن بارىمەن دېمىگەنمىدى-ڭىز، ئورنىڭىزدىن تېز تۇرمىسىڭىز كېچىكىپ قال-مامسىز؟

— دېمىسەڭمۇ ئورنۇمدىن تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى خوجايىنىم يوتقان ئىچىدە چىۋىندەك گىڭىلداپ تۇرۇپ. خوجايىنىمنىڭ ئايالى ھەرگىز ئېرىنىڭ ئالدى-مىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلەتتى، سەل بوش قويۇپ بەرسىلا ئېرى يەنە ئۇخلىۋالاتتى. شۇڭا ئۇ يەنە ئالدىرىتىپ:

— ھەي، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! — دېدى. بايا ھازىر تۇرىمەن دېگەندىكىن، يەنە «تېز تۇرۇڭ! تېز تۇرۇڭ» دەپ ئالدىرىتىۋەرسە كىشىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتى. خوجايىنىمدەك بۇنداق تەرسا ئادەمنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلەتتى. خوجايىنىم يوتقاننى شارتتىدە چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى:

— نېمىدەپ كوتۇلداۋېرىسەن، تۇرىمەن دېگەندىكىن تۇرىمەن ئەمەسمۇ؟

— تۇرىمەن دېگىنىڭىز بىلەن يەنىلا تۇرمىدىڭىز ئەمەسمۇ؟

— جۆيلۈمە! — دەپ ۋارقىرىدى خوجايىنىم.

— مەن زادى كىمنىڭ جۆيلۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم، — خوجايىنىمنىڭ ئايالى سۈپۈرگىنى «پاق» قىلىپ خوجايىنىمنىڭ ياستۇقىنىڭ يېنىغا يۆلەپ قويىدى، ئۇنىڭ خېلىلا ھەيۋىسى بار ئىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى رىكشىچىنىڭ كىچىك قىزى ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى. خوجايىنىم ئاچچىقلانسىلا ئۇلارنىڭ كىچىك قىزى چوقۇم يىغلايتتى، رىكشىچىنىڭ ئايالى قىزىنى شۇنداق يىغلىتاتتى. خوجايىنىم ھەربىر ئاچچىقلانغاندا رىكشىچىنىڭ ئايالى كىچىك قىزىنى يىغلىتاتتى. قارىغاندا بۇ ئىش ئۈچۈن ساندائىچى ئائىلىسى ئۇلارغا سۆيۈنچە بەرسە كېرەك، ئەمما، ئۇ

كىچىك قىز مەجبۇرىي يىغلاپ قانداق چىدايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىماي يىغلىتىدىغان ئانىسى بولغانلىقىن شورى ئۆزىگە.

خوجايىنىم كىچىك قىزنىڭ قاتتىق يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەتىگەندىلا يەنە قاتتىق چىچىلىپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن دەس قوپۇپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. ئۇ ئولتۇرغان پېتى ئىككى قولى بىلەن كاللىسىنى قاماللاپ، خۇددى چاچلىرىنى قويماي يۇلۇپ تاشلايدىغاندەك تاتىلاشقا باشلىدى. بىر ئايدىن بۇيان تارغاق تەگمىگەن باشتىكى كېپەكلەر ئۇنىڭ ياقىسى ۋە بويىنىغا پۇرقىراپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش بولدى. مەن خوجايىنىمنىڭ ساقىلىنى قانداق بولۇپ قالدىكىن دەپ قاراپ باقتىم، قارىمىسام بوپتىكەن، قاراپلا قورقۇپ كەتتىم، خوجايىنىمنىڭ ساقىلى شۇنداق رەتسىز، شۇنداق چۇۋۇلۇپ كەتكەندى، خوجايىنىمنىڭ ساقىلى ئەسلىدىلا ئاشۇنداق رەتسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىجەزى ئاشۇنداق قوپال، چۈس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ تا هازىرغىچە يەنىلا مۇئەللىم، خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانمىغانىدى، مەن ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ياپونىيىنىڭ شۇنچە چوڭ ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلدىم. ياپونىيە شۇنداق چوڭ بولغاچقىلا، جانابىي ساندائىچى ۋە ساندائىچى غالچىلىرى جەمئىيەتتە بىر ئادەم سۈپىتىدە ياشاشقا ئىمكانىيەت تاپقان ئىكەن ـ دە! ئۇلار بىر ئادەم

سوۋپىتىدە بۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقاندا، خوجايىنىمىمۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانمايدىغانلىقىغا قەت-ئىي ئىشەنسە كېرەك.

خوجايىنىم ئادەتتىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ھالدا قاتتىق بىر ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىرىماي كى-يىملىرىنى كىيىپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. خوجايىنىمنىڭ ئايالى يەنە كۆتۈۋېرىشكە تاقەت قىلالماي، دەرھال ئورۇننى يىغىشتۇرۇپ خانىنى تازىلاشقا باشلىدى. خانىنى تازىلاش يەنىلا شۇ كونا پېتىچە قىلىناتتى، خوجايىنىمنىڭ يۈز يۇيۇش ئۇسۇلىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئىدى، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى.

پۈتۈن ئائىلىدىكى ھەممەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلاتتى. گەرچە تاماق ئۈستىدە باللار بەكلا كەپسىزلىك قىلسىمۇ، ئەمما، خوجايىنىم بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىل-ماي، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ناشتا قىلدى، قارىغاندا خو-جايىنىم باللارنىڭ تەربىيىسىگە مۇتلەق ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتسا كېرەك. ناشتا قى-لىپ بولغاندىن كېيىن، خوجايىنىم ئاخىر كاستۇمىنى كىيىپ رىكشىغا ئولتۇرۇپ شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 11

تەكچە ئالدىدىكى شىرەگە قورشاۋ شاھمات قويۇلغان،

شاھمات ئالدىدا جانابىي باتې بىلەن ھەزرەت دەپ ئاتىلىدىغان ياسۇنورى ئەپەندى قارىشىپ ئولتۇراتتى.

— بۇ شاھماتنى بىكارغىلا ئوينىمايمىز، كىم ئۇتتۇرۇۋەتسە مېھمان قىلىدۇ جۇمۇ! ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى جانابىي باتې. جانابىي ياسونۇرى ئادىتى بويىچە ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ:

— ئويناپ - ئوينىمايلا ئاشۇنداق قىلىدىغان بولساق بىر ئېسىل ئويۇننى بەكلا چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەن بولىمىز. ئەگەر شاھماتنى دو تىكىپ ئوينايدىغان بولساق، پۈتۈن دىققىتىمىز شۇنىڭغىلا مەركەزلىشىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى قالمايدۇ. ئەگەر ئۇتتۇش - ئۇتتۇرۇش دېگەننى كاللىدىن چىقىرىۋېتىپ، خۇددى تاغدىن كۆتۈرۈلگەن بۇلۇتتەك غەمسىز، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئوينىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

— يەنە ئاغزىڭىز ئېچىلدى، مەن سىزدەك مۇنداق ئۇستا شاھماتچى بىلەن ئوينىسام بىرمۇنچە زېھنىي قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلىۋېتىمەن - دە! سىز دېگەن بىر ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم تۇرسىڭىز، — دېدى باتې قىزىقچىلىق قىلىپ.

مەن مۇشۇك بولغانلىقىم ئۈچۈن كۆرگەن - بىلگەنلىرىم كۆپ ئەمەس. شاھمات دېگەن بۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى مەن تېخى يېقىندىلا بىلدىم. مەن بارغانسېرى بۇ نەرسىنىڭ ئاجايىپ نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلمىغاتىمەن. ئەڭ دەسلەپكى 30 ـ 40 يۇرۇشتە ئۇرۇق-لارنىڭ تىزىلىشى ئانچە غەلىتە كۆرۈنمىگەنىدى. ئەمما، ھەل قىلغۇچ پەيتكە كەلگەندە قارىسام، پاھ، ھەقىقەتەن ئۇلارغا ھېسداشلىقىم كېلىپ قالدى. ئاق ـ قارا ئۇرۇقلار ھەممىسى بىر يەرگە شۇنداق قىستىلىشىپ كېتىپتۇ، قارشى تەرەپتىن بىر يول مېڭىپ، بىر بوش ئورۇن چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىشمۇ مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا، ھېچكىمنىڭ كەينىگە يېنىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈشكە ھوقۇقى يوق ئىدى، تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىنى ساقلاپ تۇ-رۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. قورشاۋ شاھماتنى ئا-دەملەر ئىجاد قىلغان، شۇڭا، شاھماتتا ئويۇننىڭ مۇنداق ھالەتكە كېلىپ قېلىشى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى ـ كۆك-سىنىڭ تارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئەگەر ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى شاھمات ئۇرۇقى بىلەن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان بولسا، ئىنسانلار پەقەت ئۆرە تۇرغاندىن باشقا ئالغا ئىلگىرىلەشنى زادىلا خالىمىغانغا ئوخشاش، ئۆز-لىرىگە تەۋە جاينى بۆلۈپ ئايرىۋېلىشىپ، كەڭ دۇنيانى تارايتىۋېتىشەتتى. بۇنىڭغا پەقەت بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا باھا بېرىش مۇمكىن، ئىنسان دېمەك — ئۆز ـ ئۆزىگە جاپا سالىدىغان، ئۆز گۇناھىنىڭ دەردىنى تارتىدىغان مەخلۇقلار دېمەكتۇر.

ئادەتتە زادىلا ئالدىرىمايدىغان، ئەزمە باتې بىلەن ۋەزخان جانابىي ياسۇنورى بوگۇن نېمە خىياللارغا كېلىشتىكىن، تام ئىشكاپتىن بۇ كونا شاھماتنى ئېلىپ، ئادەمنى ئىسسىققا تېخىمۇ تويدۇرىدىغان بۇ بىمەنە ئويۇننى باشلىغاندى.

باتې بىلەن ياسونۇرى كىم يېڭىپ، كىم يېڭىلىدىغانلىقىنى تالىشىپ بىر ـ بىرىگە زادى گەپ بەرمەيۋاتاتتى. مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى يېنىدا جانابىي كانگى بىلەن جانابىي دۇڭفېڭ قاتار ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدا چىرايى زەپىران خوجايىنىم ئولتۇراتتى. جانابىي كانگىنىڭ ئالدىدا قۇرۇتۇلغان، ئەمما ھېچنېمە بىلەن ئورالمىغان ئۈچ بېلىق تۇراتتى، بۇ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى.

بۇ قۇرۇتۇلغان بېلىقلارنى جانابىي كانگى قوينىدىن ئېلىپ قويۇپ قويغان، قوينىدىن ئالغاندا تېخى ئۇنىڭدىن ھور چىقىپ تۇراتتى. بۇ جانابىي كانگى ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئالاھىدە يېمەكلىك ئىدى. كۆپچىلىك تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەشكە باشلىدى.

باتې ئەپەندى تۇيۇقسىزلا:

— جانابى كانگى، سىز يېقىندىن بۇيان يەنە مەكتېپىڭىزگە بېرىپ ھېلىقى ئەينەك شارچىنى ياساۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، مەن يېقىندا يۇرتۇمغا بېرىپ كەلدىم. شۇڭا، ئۇنى توختىتىپ قويدۇم. مەن ھازىر ئەينەك شارچە ياساشتىن زېرىكتىم، راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭدىن قول ئۈزەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

خوجايىنىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

— ئەمما، سىز شارچىڭىزنى ياسىمىسىڭىز دوكتور بولالمايسىز ئەمەسمۇ؟

كانگى ئاجايىپ بىر ئازادىلىك ئىچىدە:

— بۇ دوكتورلۇقنى، ھەي، ئالمىساممۇ بولىدۇ.

— ئۇنداق قىلسىڭىز توي ئىشىڭىز كېچىكىپ كېتىدۇ، ئىككىلا تەرەپكە تەس بولمامدۇ!

— توي قىلىش؟ كىم توي قىلىدىكەن؟

— سىزچۇ!

— كىم بىلەن توي قىلىدىكەنمەن؟

— ساندائىچى خانقىز بىلەن قىلمىسىزغۇ؟

— ھەي!

— نېمە ھەي دەيسىز! سىز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولغان ئەمەسمىدىڭىز؟

— مەن ماقۇل بولمىغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تاپقان گېپى.

— بۇ قاملاشمىغان گەپقۇ! باتې، بۇ ئىشنى سىزمۇ بىلمىسىزغۇ؟

— سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز «بۇرۇن»نىڭ ئىشىغۇ دېمەن. ئۇ ئىشنى سىز بىلەن مەن ئەمەس، جاھاندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. باشقىسىنى قويۇپ تۇ-رايلى، «ۋەنچاۋ گېزىتى» مەندىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ سۈرىتىنى قاچان گېزىتكە بېرەلەيمىز دەپ سورىغان. ئۇلار ھەمىشە مېنى ئىزدەپ توينىڭ كونكرېت ۋاقتىنى ئۇقماقچى بولغان. جانابىي توفۇ «سوقسۇر ناخشىسى» ناملىق بىر داستان يازغان، ئۈچ ـ تۆت ئايدىن بېرى تە-قەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. جانابىي كانگى ھازىرغىچە تېخى دوكتورلۇقنى ئېلىپ توينى قىلمىغاچقا، جانابىي توفۇنىڭ بۇ ئېسىل ئەسىرى تېخىچە يورۇقلۇققا چى-قالمايۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ، جانابىي توفۇ.

— مەن تېخى ئۈنچىلىك تەقەززالىق دەرىجىسىگە بارمىدىم، ئىشقىلىپ مەن بۇ ھېسداشلىق ھېسسىياتىغا تولغان ئەسىرىمنى ئېلان قىلىمەن، — دېدى جانابىي توفۇ.

— قاراڭ! سىزنىڭ دوكتور بولالايدىغان ـ بولالماي-دىغانلىقىڭىز ھەرقايسى تەرەپلەرنى ناھايىتى چوڭ تە-سىرگە ئۇچرىتىدىكەن. غەيرەت قىلىڭ، جانابىي كانگى، ئەينەك شارچىڭىزنى تېزدىن ياساپ چىقىڭ!

— ھى، - ھى، - ھى ... ھەرقايسىڭلارنى ئاۋارە قىلىپ قويۇپتىمەن، سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن، ئەمما، مېنىڭ دوكتور بولۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى كانگى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى باتې.

— ھېچنېمە ئۈچۈن ئەمەس، مېنىڭ ھازىر خوتۇنۇم بار.

— ھەي، ما ئىشنى، سىز قاچان مەخپىي توي قىلىۋالدىڭىز؟ بۇ ئىشتا ھەرگىز بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ جۇمۇ!

— جانابىي كۇسامى! ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ جانابىي كانگى ھازىر خوتۇن - بالىلىرىم بار دەۋاتىدۇ، — دېدى باتې.

— خوتۇنۇم بار، تېخى بالام يوق. توي قىلغىلى تېخى بىر ئاي بولمىدى، ھازىرلا بالام بولغىلى تۇرسا بۇ سەت ئىش ئەمەسمۇ!

خوجايىنىم خۇددى تەييارلىق سوراق سوتچىسىدەك كانگىدىن سورىدى:

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، قاچان، قەيەردە توي قىلدىڭىز؟

— قاچان توي قىلدىڭىز دەپ سورامسىز؟ بۇ نۆۋەت ئۆيگە قايتىپ بارسام ئۆيدىكىلەر ھەممىنى تەييار قىلىپ مېنىڭ بېرىشىمغىلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن. بۈگۈن مەن بۇ يەرگە

قورۇتۇلغان بېلىق تۇغقانلار مېنىڭ تويۇمنى مۇبارەكلەپ ئەكەلگەن بېلىق.

— ئاران ئاشۇ قورۇتۇلغان ئۈچ بېلىق ئەكەپتۇما، بەك پىخسىق ئىكەن.

— ياق، نۇرغۇن سوۋغات ئەكەپتىكەن، مەن ئۇنىڭ-دىن ئۈچ بېلىقنى تاللىۋالدىم.

— ئۇنداقتا خوتۇنىڭىزمۇ ئۆز يۇرتلۇقىڭىز ئىكەندە، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش قاپقارىمۇ؟ — دېدى خوجايىنىم.

— ھەئە، بەك قارا، ماڭا بەك ماس كېلىدۇ.

— ئەمىسە ساندائىچى خانقىزنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— ھېچقانداق قىلمايمەن.

— ئۇنداق قىلسىڭىز، ۋىجدان جەھەتتە يۈز كېلەل-مەيسىزغۇ دەيمەن؟! قانداق دېدىم، باتىي؟

— يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. باشقا ئەرگە تەگسىمۇ يەنە ئوخشاشلا ئىش. ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇشى تەقدىردىن، ئۇلار قوشۇلالمىغا-نىكەن، يەنە ئۇلارنى زورىغا بىر - بىرىگە قوشۇپ قوي-ماقچى بولۇش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك. بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولغانىكەن، كىم بىلەن كىمنىڭ قوشۇلۇشى بەرىبىر ئوخشاشلا ئىش. بۇ يەردە ھېسداشلىق قىلىشقا تېگىش-لىكى ھېلىقى «سوقسۇر ناخشىسى» نىڭ ئاپتورى جانابىي توفۇدەك ئادەملەر.

— مەن ئەھۋالغا قاراپ «سوقسۇر ناخشىسى»نى جانابىي كانگىنىڭ تويىنى مۇبارەكلەيدىغان شېئىرغا ئۆزگەرتسەم، ساندائىچى ئائىلىسى توي قىلىدىغان چاغدا يەنە بىر شېئىر يازسام بولۇۋېرىدۇ، — دېدى جانابىي توفۇ.

خوجايىنىم يەنىلا ساندائىچى تەرەپتىن ئەنسىرەۋاتات- تى. ئۇ:

— ساندائىچىلەرگە بىرەر جاۋاب بېرىۋەتتىڭىز- مۇ؟ — دېدى.

— ياق، مېنىڭ ئۇلارغا بىرەر جاۋاب بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئۇلاردىن قىزىنى ماڭا ياتلىق قىلى- شىنى ئۆتۈنمىگەن. قارشى تەرەپكە توي تەلىپىمۇ قويۇ- مىغان، شۇڭا بىرمۇ نەرسە دېيىشىمنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ھازىر ساندائىچى ئائىلىسى ئون نەچچە پايلاقچى ئەۋەتىپ ھەممە ئەھۋالنى ئۇقۇپ بولدى.

خوجايىنىم پايلاقچى دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا شۇئان سەسكەنگەندەك بولدى - دە:

— ئەمسە، ھېچنېمە دېمەڭ! — دېدى. قارىغاندا، خوجايىنىم يەنە بۇ ئىشتىن رازى بولمىغاندەك تۇراتتى. ئۇ پايلاقچى مەسىلىسىنى بىر چوڭ ئىش قاتارىدا كۆ- تۈرۈپ، تۆۋەندىكى پىكرىنى بايان قىلدى:

— باشقىلارنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ يانچۇقىنى كولىغانلار يانچۇقچى.

باشقىلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى بىلمۇيلىشقا ئورۇنغانلار پايلاقچى. كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىرنەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلەر ئوغرى. كىشىلەرنى سۆزلەشكە قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلىۋالغانلار ئىشپىيون. پىچاق كۆتۈرۈپ، باشقىلارنىڭ پۇلىنى بۇلىغانلار قاراقچى. كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەھىمىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلىغانلار مۇتتەھەم. شۇڭا، قولاق، ئوغرى، يانچۇقچى، ئىشپىيون، قاراقچى ھەممىسى بىر گەپ، ئادەم قاتارىدا يوق كىشىلەر. قولاق، تىڭتىڭچىلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىغا يول قويۇش ئۇلارغا مەدەت بەرگەنلىك، ئۇلار بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىش كېرەك.

— ھېچقىسى يوق، ھەتتا بىر ـ ئىككى مىڭ پايلاقچىنى ئىشقا سېلىپ ماڭا ھۇجۇم قىلسىمۇ قورقمايمەن. مەن ئەينەك شارچە ياسايدىغان مەشھۇر زات، دىنامىكا ئىلمى مۇتەخەسسىسى كانگى، — دېدى كانگى.

— سىلەر پايلاقچى، تىڭتىڭچى دېسەڭلار، مەن 20 ـ ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە تىڭتىڭچىلىق خاھىشى بار دەپ قارايمەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — جانابىي ياسۇنورى ئۆزىنىڭ رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان خوجايىنىم ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۆزۈمچىلىك ئېڭىنى بىرھازا تەنقىد قىلدى.

جانابىي ياسونۇرى ئۆزىنىڭ يەنە بىر قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— كىشىلەر كەمبەغەللىكتە كەمبەغەللىكنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، باي بولغاندا بايلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، غەم-قايغۇغا مۇپتىلا بولغاندا غەم-قايغۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. خۇشال بولغاندا خۇشاللىققا بەند بولۇپ قالىدۇ. تالانت ئىگىلىرى ئۆز تالانتى ئۈستىدە ئۆلىدۇ، دانالار ئۆزىنىڭ دانالىقىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. مانا كۆسامىدەك مۇنداق ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان ئادەملەر ئەگەر ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاسانلا دۈشمىنىنىڭ قىلتىقىغا چۈشىدۇ....

— ياخشى دېدىڭىز! — دېدى باتې چاۋاك بىلەن ئۇنى قوللاپ.

كۆسامى ئەپەندى مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

— مەن كىشىلەرنىڭ ئۇنداق ئاسانلا باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى كۆرمىدىم. غۇ! — دېۋىدى، كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

خوجايىنىم يەنە بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئەمىسە، ساندائىچىگە ئوخشاش ئەبلەخلەر نېمىدە ئۆلەر؟ باتې گەپ تارتىۋېلىپ:

— ئېھتىمال ئۇنىڭ خوتۇنى بۇرنى سەۋەبىدىن ئۆلەر، ساندائىچى ئۆز گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئۆلەر، ئۇنىڭ غالچىلىرى تىڭتىڭچىلىقتىن ئۆلەر.

خوجايىنىم يەنە:

— ئەمىسە ئۇنىڭ قىزىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ قىزىنى مەن كۆرمىگەن، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، ئېھتىمال كىيىم - كېچەك، يەپ - ئىچىش ياكى مەنىسىز تۇرمۇشتا ئۆلەر، ئىشقىلىپ مۇھەببەت سەۋەبىدىن ئۆلمەيدۇ ۋە ياكى قەلەندەرلەردەك كوچىدا ئۆلەر! — دېدى باتېي.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىزغۇ دېمەن، — دېدى توفۇ ئۆزىنىڭ قارشى پىكرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇ ساندائىچى خانىقىزغا شېئىر تەقدىم قىلغىنىغا لايىق ئىش قىلدى.

— ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئەگەر مۇشۇ يۈزلىنىش بويىچە تەرەققىي قىلىدىغان بولسا، بولدى، مەن بۇ جاندىن تويدۇم، — دېدى خوجايىنىم.

— تۈزۈت قىلماڭ، جاندىن تويغان بولسىڭىز، ئەمىسە ئۆلمەمسىز؟ — دېدى باتېي شۇئان ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلاپ.

— ئەمما، مەن ئۆلۈشنى ئەمەس، ياشاشنى خالايمەن، — خوجايىنىم ئەقىلغا ئۇيغۇن بولمىغان مەسىلىلەردە تېخىمۇ جاھىللىق قىلاتتى.

بۇ چاغدا جانابىي كانگېي مۈزدەك سوغۇق بىر گەپ قىلدى:

— ئىنسان تۇغۇلىدىغان چاغدا ھېچكىم چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرمەيلا بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇۋېرىدىكەن، ئەمما، ئۆلىدىغان چاغدا ھەممىسى ئازابلىنىدىكەن.

مۇنداق گەپلەر ھەمىشە كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. شۇڭا، كۆپچىلىك تېزلا گەپنىڭ تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرىدى.

بۇ چاغدا جانابىي تاداۋاخىنىئى كىرىپ كەلدى.

تاتاۋاخىنىئى بۈگۈن ئادەتتىكىدىن باشقىچىلا ئۈستىگە ئاق كۆڭلەك ۋە يېڭى پەلتو كىيىپ كەلگەنىدى. ئۇ قولىدىكى ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلاپ تېڭىلغان تۆت بوتۇلكا پىۋىنى قۇرۇتۇلغان بېلىقنىڭ يېنىغا قويۇپ، بىر ئېغىز تىنچلىق سوراپمۇ قويماي ئولتۇردى، ئەمما، راۋۇرۇس ئولتۇرماي پۈتىنى يېنىچە سوزۇپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئەپتىدىن ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.

تاداۋاخىنىئى ئۆزىنىڭ قويۇق كىيوسىيۇ تەلەپپۇزى بىلەن، خوجايىنىمدىن:

— ئەپەندىم، يېقىندىن بۇيان ئاشقازىنىڭىز ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟ مۇنداق ھەر كۈنى ئۆيىڭىزگە بېكىنىۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ساقىسىز بولۇپ قالغان يېرىم يوق.

— چىرايىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەس دېيىشكەن مەن. ئەپەندىم، چىرايىڭىز بەكلا سېرىق. ئەڭ ياخشىسى دېڭىز بويىغا بېرىپ، بىرەر قېيىق ئىجارىگە ئېلىپ بېلىق تۇتۇڭ، مەن ئۆتكەن يەكشەنبە چىقىپ بېلىق تۇتقىلى بېرىپ كەلدىم.

— بىرەرنىمە تۇتالىدىڭىزمۇ؟

— ھېچنېمە تۇتالمىدىم.

— ھېچنېمە تۇتالمىسىڭىز، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيەتى؟

— دەم ئېلىپ، ئىرادەمنى سىناپ كەلدىم. ئەپەندىلەر، قانداق؟

— دېڭىزغا چىقىپ بېلىق تۇتۇپ باققانمۇ؟ بېلىق تۇتۇش ئاجايىپ مەنىلىك ئىش. ئويلاپ بېقىڭلار، قېيىق بىلەن دېڭىزدا ھەممە يەردە خالىغانچە ئايلىنىپ يۈرۈش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش، — جانابىي تاداۋاخىئى كىملا بولمىسۇن ھەممىسىگە گەپ قىلىۋېرەتتى.

جانابىي باتې ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

— مەن كۆللەردە چوڭ پاراخوت بىلەن ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— ئەگەر دېڭىزدا بېلىق تۇتۇپ بىرەر كىت ياكى سۇ پەرىسى تۇتالمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ، — دېدى باتې.

— قانداقمۇ ئۇنداق نەرسىلەرنى تۇتقىلى بولسۇن! قارىغاندا ئەدىبلەرنىڭ ئاساسىي ساۋاتتىن كۆپ خەۋىرى يوق ئىكەن، — دېدى تاداۋاخىئى.

— مەن ئەدىب ئەمەس، — دېدى كانگى.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟ مەندەك مۇنداق شىركەت خىزمەتچىسى ئۈچۈن ئاساسىي ساۋات ئىنتايىن مۇھىم.

— ئەپەندىم، مېنىڭ ئاساسىي ساۋاتىم يېقىندىن بۇيان تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ، قارىغاندا، ئۇنداق يەردە ئىشلىگەچكە قۇلاق ئاڭلاپ، كۆز كۆرۈپ تۇرغاندىكىن تەبىئىيلا شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى تاداۋاخىنى.

— سىزنىڭ ساۋاتىڭىز قانداق چوڭقۇرلاشتى؟ — دېدى خوجايىنىم.

— مانا بۇ پاپىروسنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەگەر سىز جاۋرى فۇداۋ ماركىلىق ئالىي تاماكىلارنى چېكىمەن دېسىڭىز كۇچىڭىز يەتمەيدۇ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ سېرىق سۇزگۇچلۇك مىسىر تاماكىسىنى چىقىرىپ قاتتىق شوراپ چېكىشكە باشلىدى.

— سىزنىڭ مۇشۇنداق سۆلەتۋازلىق قىلىشقا پۇلىڭىز بارمۇ؟

— پۇلۇمغۇ يوق، ئەمما بۇنىڭغا تېزلا ئامال تاپىمەن. مەن مۇنداق تاماكىنى چەكسەم، كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

باتې كانگىغا:

— سىز جانابىي كانگىنىڭ ئەينەك شارچا ياسىغىنىڭىزغا قارىغاندا، باشقىلار ئاسانلا ئىشەنچكە ئېرىشىدىكەن، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش - ھە. بۇ ئاسانلا قولغا كېلىدىغان ئىشەنچ ئىكەن ئەمەسمۇ، قانداق دېدىم؟ — دېدى.

كانگى جاۋاب بەرگۈچە، تاداۋاخىنى:

— ھە، سىز كانگى ئەپەندىمىدىڭىز؟ سىز دوكتور-لۇقنى ئالمىدىڭىزمۇ؟ سىز دوكتور بولمىغاچقا ئورنى-ڭىزغا مەن چىقتىم، — دېدى.

كانگى:

— دوكتور بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ساندائىچى جاۋاب بېرىپ:

— ياق، ساندائىچى ئائىلىسىنىڭ كۆيئوغلى بول-دىغان بولدۇم. ھەقىقەتەن خىجىلمەن، ئەمما، ئۇلار مېنى قىزىمىزنى ئالسەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئەپەندىم، مەندە نېمە ئامال بار دەيسىز، شۇڭا ئىلاجسىز ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئەمما، كانگى ئەپەندىگە يۈز كېلەلمەيدىغانلى-قىمنى ھېس قىلىپ ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتى-مەن، — دېدى.

— تارتىنماڭ، — دېدى كانگى. خوجايىنىم مۇجمەللا قىلىپ:

— ئېلىشنى خالىسىڭىز ئېلىۋېرەمسىز، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىشمۇ! — دېدى.

باتې يەنىلا كونا گېپىنى يورغىلىتىپ:

— ھە، بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان خۇش خەۋەر ئىكەن. شۇڭا مەن قىزىڭىنىڭ قانداق بولۇشىدىن ئەنسى-رىمە، ئۇنىڭغا ھامان ئەر چىقىدۇ دېمەن ئەمەسمۇ! مەن ھېلى دېگەندەك، مانا قالتىس مۆتىۋەر بىر كۆيئوغۇل

چىقىپتۇغۇ! توفۇ ئەپەندى، مانا ئەمدى يېڭى ئۇسلۇبتىكى شېئىرىڭىزغا ماتېرىيال چىقىپتۇ. بۈيۈك ئەسىرىڭىزنى تېزدىن يېزىڭ، — دېدى.

— ھە، سىز توفۇ ئەپەندىمىدىڭىز؟ مەن توي قىلىـ-خان چاغدا بىرەرنەرسە يېزىپ بېرەلەرسىزمۇ؟ ئەگەر يېزىپ بەرسىڭىز، مەن ئۇنى باستۇرۇپ تارقىتىمەن، يەنە «قۇياش» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بېرىمەن، — دېدى تاداۋاخىـ-ئى.

— بولىدۇ، مەن يېزىپ بېرەي. قاچان ئىشلىتىـ-سىز؟ — دېدى توفۇ.

— قاچان يېزىپ بەرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر تەيـ-يار شېئىرىڭىز بولسا ئۇمۇ بولىدۇ. مەن سىزنى شامپان ھارىقى بىلەن مېھمان قىلىمەن. سىز شامپان ھارىقى ئىچىپ باققانمۇ؟ شامپان ناھايىتى ياخشى ھاراق. ئەپەنـ-دىم، توي مۇراسىمىدا مەن مۇزىكا ئەترىتى چاقىرىپ، جانابىي توفۇ شېئىرىنى نوتىغا ئالغۇزۇپ چالغۇزىمەن، قانداق، بولامدۇ؟ — دېدى تاداۋاخىئى دەرھال.

خوجايىنىم سوغۇقلا قىلىپ:

— قانداق قىلغۇڭىز كەلسە شۇنداق قىلىۋېـ-رىڭ! — دېدى.

— ئەپەندىم، سىز نوتا ئىشلەپ بېرەلەرسىز-مۇ؟ — دېدى تاداۋاخىئى:

— قۇرۇق گەپنى قىلماڭ، — دېدى خوجايىنىم.

— ئولتۇرغانلار ئىچىدە مۇزىكا بىلىدىغانلار بارمى-كىن؟ — دېدى تاداۋاخىئى.

— جانابىي كانگى ئۇستا ئىسكىرىپكىچى. سىز سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ بېقىڭ. ئەمما، پەقەت شامپان بىلەنلا مېھمان قىلىمەن دېسىڭىز ئۇ ئۇنىماس بەلكىم، — دېدى باتي.

— شامپانمۇ بولمامدۇ؟ بىر بوتۇلكىسى تۆت-بەش يېنلىق شامپانلارنى ئىچكىلى بولمايدۇ، مەن ئۇنداق ئەرزان نەرسىلەر بىلەن سىزنى مېھمان قىلمايمەن. سىز نوتا يېزىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— بولىدۇ، بولىدۇ. مەن ئەلۋەتتە يېزىپ بېرىمەن، بىر بوتۇلكىسى ئىككى مولۇق شامپان بىلەن مېھمان قىلسىڭىزمۇ يېزىپ بېرىمەن. بولمىسا، سىزدىن ھەق ئالماي بىكارغا يېزىپ بەرسەممۇ بولىدۇ، — دېدى كانگى.

— قانداقمۇ بىكارغا قىلدۇرغىلى بولسۇن! ئەگەر شامپان بىلەن مېھمان قىلىشىمنى خالىمىسىڭىز، مۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ — تاداۋاخىئى كىيىمىنىڭ يانچۇقىدىن يەتتە-سەككىز پارچە سۈرەتنى ئېلىپ ئال-دىغا يايدى، بۇلار يېرىم تارتىلغان، پۈتۈن تارتىلغان، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، يوپكا كىيگەن، كەڭ يەڭلىك ئۇزۇن كىيىم كىيگەن، چېچىنى بانتىلىۋالغان، ھەممىسى 18 ـ 19 ياشلىق گۈزەل قىزلارنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى.

— قاراڭ ئەپەندىم، مانا بۇ شۇنچە كۆپ زاپاس نامـ-
-زاتلار، جانابىي كانگې ۋە جانابىي توفۇ رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، بۇلار ئىچىدىن ئىككىسىگە بىردىن قىز تاللاپ بېرەيلى، — تاداۋاخىنى شۇنداق دېگەچ، بىر سۈرەتنى كانگى كۆرسىتىپ:

— قاراڭا، بۇ يارامدۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، ئەمىسە چوقۇم بىزنى مۇرادىمىزغا يەتـ-
-كۈزۈڭ.

تاداۋاخىنى يەنە بىر سۈرەتنى ئېلىپ كانگىغا قايتا كۆرسەتتى:

— بۇ قانداقكەن؟

— بۇمۇ بەك گۈزەلكەن، ئەمىسە چوقۇم ياردەم قىلارسىز!

— زادى قايسى يارىدى؟

— قايسىسى بولسا بولۇۋېرىدۇ.

— ھەي، سىز بەك ئىشقىۋاز ئىكەنسىز. كۇسامى ئەپەندى، بۇ بىر دوكتورنىڭ جىيەن قىزى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى خوجايىنىم زادىلا تېرىكمەي.

تاداۋاخىنى ئۈزىچىلا چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى:

— بۇنىڭ مىجەزى بەك ياخشى، ياش، ئاران 17 ياش. مانا بۇنىڭ تېخى 1000 يىنلىق قىز مېلى بار. مانا ماۋۇ ھاكىمنىڭ قىزى.

كانگى قىزىقچىلىق قىلىپ:

— مېنىڭ ھەممىسىنى ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئەمما مۇمكىن بولماس ـ ھە!

— ھەممىنى ئالغۇم بار؟ بۇ بەك ئاچ كۆزلۈك بولىدۇغۇ دەيمەن. سىز بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تەرەپدارىمۇ؟ — دېدى تاداۋاخىنى.

— مەن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تەرەپدارى ئەمەس، بەلكى گۆشخورلار تەرەپدارى، — دېدى كانگى.

خوجايىنىم غەزەپلەنگەندەك يوقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار، بۇ نەرسىلىرىڭىزنى تېز-دىن يىغىشتۇرۇڭ، — دېدى.

تاداۋاخىنى:

— ئەمىسە بۇ قىزلارنى ھېچقايسىڭلار ئالماسسى-لەر؟ — دېدى ـ دە، سۈرەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ يانچۇقىغا سالدى.

— بۇ پېۋىنى نېمىگە ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى خوجايىنىم.

— سىزگە سوۋغا قىلىپ ئەكەلدىم. خۇشاللىقىمنى مۇددەتتىن بۇرۇن تەبرىكلەش ئۈچۈن كوچا دوقمۇشىدىكى قاۋاقتىن ئەكەلدىم. قېنى تېتىپ كۆرۈڭ! — دېدى تاداۋا-خىنى.

خوجايىنىم بىر چاۋاك چېلىپ، خىزمەتكارنى بو-تۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بېرىڭ دېدى. خوجايىنىم، باتې، ياسۇنورى، كانگى، توفۇ بەشەيلەن قەدەھ كۆتۈرۈپ،

جانابىي تادلۋاخىئىنىڭ بەختىنى تەبرىكلىدى. جانابىي مىخبىي ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— مەن توي زىياپىتىگە بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەر-قايسىلىرىنى تەكلىپ قىلماقچىمەن. ھەرقايسىلىرى قەدەم تەشرىپ قىلىشارلىمۇ؟ ھەرگىز كەلمەي قېلىش-مىسىلا! — دېدى.

خوجايىنىم دەرھال:

— مەن بارمايمەن! — دېدى.

— نېمىشقا؟ بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى چوڭ ئىش. ئەگەر بارمىسىڭىز، سەل ئادەمگەرچىلىك بولمايدۇغۇ دەيمەن.

— بۇ ئادەمگەرچىلىك قىلمىغانلىقىم ئەمەس، ئەمما، مەن بارمايمەن.

— كېيىپ بارىدىغانغا كىيىمىڭىز يوقمۇ؟ پەلتو ياكى ئىشتان كىيۋالسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ. ئەپەندىم، سىز پات ـ پات كىشىلەر ئارىسىغا بېرىپ تۇرۇڭ، مەن سىزنى بەزى داڭلىق زاتلارغا تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

— مەن ئۇلارغا خۇشتار بولۇپ قالمىدىم.

— بۇنىڭ ئاشقازان كېسىلىڭىزگىمۇ پايدىسى بار.

— پايدىسى بولمىسىمۇ كېرەك يوق.

— مۇنداق جاھىللىق قىلسىڭىز، بۇنىڭغا باشقا ئامال يوقكەن، — ئۇ شۇنداق دېگەچ، باتېدىن سورىدى:

— سىز بارارسىز؟

— مەندىن سوراۋاتامسىز؟ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن بارىمەن. ئەگەر ئېھتىياج بولسا، مەن يەنە شەرەپ بىلەن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى خالايمەن. لېكىن تىكىنى ئەلچى بولىدۇ دېگەندەك قىلىدىغىزما؟ مەن سىزنىڭ ئاشۇنداق ئادەملەرنى تاپىدىغانلىقىڭىزنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. بۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، ئەمما بۇنىڭغا ئامال يوق. ئىككى ئەلچى ئەۋەتىلسە تېخى بولمايدۇ. مەن بىر توي قاتناشچىسى سۈپىتىدە چوقۇم بارىمەن.

تاداۋاخىنى ياسۇنورىدىن سورىدى:

— سىز بارارسىز؟

— مېنى دەمسىز؟ مەن دېگەن «ئولتۇرىمەن بىكارچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزۈپ، كۆل بويىدا قارماق بىلەن بېلىق تۇتۇپ» تېپىدىكى ئادەم.

— بۇ نېمە؟ تاڭ دەۋرى شېئىرىمۇ؟

— بۇنىڭ نېمىلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

— ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىڭىز، بۇ بولماپتۇ. جانابىي كانگى، سىز قانداق قىلىسىز، سىز بارارسىز، سىزگە ئالاقىدار ئىلگىرىكى بەزى ئىشلارمۇ بارغۇ!

— مەن چوقۇم بارىمەن. ئۇركېستىر مېنىڭ مۇزدىكامىنى چالسا، مەن بېرىپ ئۇنى ئاڭلىمىسام بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟!

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. جانابىي توفۇ، سىز قانداق قىلىسىز، سىز بارارسىز؟

توفۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— نېمە دېسەم بولار، مۇنداق بولسۇن، مەن باراي، يېڭى توي قىلغان قىز ـ يىگىت ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ يېڭى ئۇسلۇبتىكى شېئىرىمنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەي، — دېدى.

— سىز مېنى بەك خۇشال قىلىۋەتتىڭىز، ئەپەندىم، مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغان، ھە، شۇڭا يەنە بىر ئىستاكان پىۋا ئىچىۋېتەي، — ئۇ شۇنداق دېگەچ، ئۆزى ئەكەلگەن پىۋىنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى ـ دە، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

كۆز قۇياشى ئولتۇردى. تاماكا قالدۇقلىرى دۆۋىلىنىپ كەتتى، سەندەلدىكى چوغمۇ ئۆچۈپ قالدى. بۇ كىشىلەر ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ تاغدىن ـ باغدىن خېلى پاراڭلاشقان بولسىمۇ، ئەمدى زېرىكىشكە باشلىغانىدى. ئالدى بىلەن ياسونۇرى ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، مەن قايتاي، — دېدى. ئارقىدىن باشقىلارمۇ بىر ـ بىرلەپ «مەنمۇ قايتاي» دېيىشىپ تەڭلا ئىشىكتىن چىقتى. مېھمانخانا بەئەينى ئويۇنچىلار چىقىپ كەتكەن زالدەك بىردىنلا جىمجىت، سۆرۈن قىياپەتكە كىرىپ قالدى.

خوجايىنىم كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ كۇتۇپ-خانىسىغا كىردى. خوجايىنىمنىڭ ئايالى ئىچ كىيىمـ-نىڭ ياقا تۈگمىسىنى ئېتىپ، ئادەتتە كىيىدىغان، تولا يۇيۇلۇپ ئۆڭۈپ كەتكەن چاپىنىنى ياماشقا باشلىدى. باللار ئۇخلاپ قالدى. ئايال خىزمەتكار مۇنچىغا كىرىپ كەتتى.

تاشقى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ كىشىلەر بارلىق شەيئىلەرگە پەرۋاسىز قارايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىنسا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن مىسكىن، قايغۇلۇق بىر سادا ئاڭلىناتتى. جانابىي ياسۇنورى گەرچە ھازىر يولدا كېتىۋاتسىمۇ، بىردىنلا ھەممىنى تولۇق چۈشەنگەندەك قىلاتتى. جانابىي باتې غەمسىز بولسا كېرەك، ئەمما ئۇنىڭ روھىي دۇنيا-سى ھەرگىز رەسىملەردىكىدەك ئۇنداق گۈزەل دۇنيا ئە-مەس ئىدى. جانابىي كانگى ئەمدى ئەينەك شارچا ياسى-مايدىغان بولدى، ئۇ يۇرتىدىن خوتۇن ئەكەلدى، بۇ ئى-شەنچلىك، خاتىرجەم نىكاھ ئىدى، ئەمما، مۇنداق تۇر-مۇش ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىۋەرسە ئۇ چوقۇم بۇنىڭدىن زېرىكىدۇ. يەنە يەتتە - ئون يىلدىن كېيىن جانابىي توفۇ ھامان ھەممىنى چۈشىنىپ، ھە دەپ يېڭى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنى يېزىپ قىزلارغا تەقدىم قىلىپ، ھەق - نا-ھەقلىقلارغا باھا بېرەر. جانابىي تاداۋاخىتى جىنغا ئاي-لىنىپ كېتەرمۇ ياكى ئالۋاستىغىمۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە

دېمەك تەس، ئەگەر ئۇ بىر ئۆمۈر رازىمەنلىك بىلەن يەنە باشقىلارنى شامپان بىلەن مېھمان قىلالىسا، بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى ئىش بولمايدۇ. جانابىي سۆزۈكى تىك يەنە توختىماستىن ئېغىنايدۇ، ئېغىناۋېرسۇن، پۈتۈن ئۈستىۋشى لاي بولۇپ كەتكۈچە ئېغىنىسۇن، پۈتۈن بەدىنى لاي بولۇپ كەتسىمۇ ئۇ هامان ئېغىنىمىغان كىشىلەردىن ياخشى ياشايدۇ. مەن بىر مۈشۈك بولسامۇ، ئىنسان دۇنياسىدا ياشاۋاتقىنىمغا مانا كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە ئىككى يىل بولدى. مەن ھەمىشە: «مەندەك مۈنداق دانا قاراشقا ئىگە كىشىلەر ئېھتىمال تېپىلماس» دەپ ئويلايمەن. ئويلىمىغان يەردىن يېقىندا مەن زادىلا كۆرۈشۈپ باقمىغان، «مور» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قېرىندىشىمىز چىقىپ قالدى. ئۇ ھە دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىۋەرگەچكە، مەن بەك ھەيران قالدىم. مەن ئىنچىكىلەپ ئۇقۇشۇپ كۆرسەم، ئۇ ئەسلىدە 100 يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئەمما، ئاڭلىسام بىردەملىك قىزىقىش سەۋەبىدىن مەقسەتلىك ھالدا ئەرۋاھقا ئايلىنىپ مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن يىراق باقىي دۇنيادىن بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. بۇ مۈشۈك بىر بېلىقنى چىشلەپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، يېرىم يولدا قورسىقىنىڭ ئاچقىنىغا سەۋر قىلالماي بېلىقنى يەۋېتىپتۇ، ئۇ بىر ۋاپاسىز مۈشۈك بولسىمۇ، ئەمما، ئىقتىدارى ئادەملەردىن تۆۋەن ئەمەس ئىكەن. بەزىدە شېئىر يېزىپ

خوجايىنىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. مانا مۇشۇنداق قال-
تىس ئەزىمەتلەر بىر ئەسىرنىڭ ئالدىدا مەيدانغا كەلگە-
نىكەن، ئەمدى مەندەك بىر كىرەككە كەلمەيدىغان مۇ-
شۇك ئەسلىي بۇرۇنلا رۇخسەت سوراپ خىلۋەت، تىنچ
يېزىغا كېتىشىم كېرەك ئىكەن.

خوجايىنىم ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ. ساندائىچى
بېكىم قىرىپ كەتكىنىگە قارىماي يەنە نەپسىنىڭ ئار-
قىسىغا كىرىپ، ھېرىپ- چارچاپ بۇرۇنلا تىرىك مۇر-
دىغا ئايلىنىپ قالدى. كۆز كىرىپ دەرەخ يوپۇرماقلىرى
ئاساسەن چۈشۈپ بولدى. ئۆلۈم بارلىق مەۋجۇداتلار قې-
چىپ قۇتۇلالمايدىغان تەقدىر، ھايات تۇرغان ۋاقتىدىمۇ
ئۇنىڭ ھېچقانچە كېرىكى بولمايدۇ، شۇڭا بۇرۇنراق
ئۆلۈپ كەتكىنى تېخىمۇ ئاقىلانىلىك. بايا ھەرقايسى
ئەپەندىلەرنىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا، ئادەملەرنىڭ تەقدىرى
ئاخىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن،
ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلىدىغان بولسا، مۇشۇكلەر-
مۇ ئەركىنلىك بولمىغان بۇ ئىنسانلار دۇنياسىدا تۇغۇ-
لۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن قور-
قۇنچلۇق ئىش؟! نېمە ئۈچۈنكىن، كۆڭلۈم زادىلا ئې-
چىلمايۋاتاتتى. مەنمۇ تاداۋاخىنىڭ ئەپەندى ئەكەلگەن پىۋ-
دىن ئازراق ئىچىپ كۆڭلۈمنى ئاچاي، خۇشال بولۇپ
باقاي دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئاشخانا ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇراتتى، ئۇ كۆز شامىلىدا غىچىرلاپ توختىماي ئاۋاز چىقىراتتى، ئىشىك يوچۇقىدىن كىرگەن شامال قاچانلاردىدۇر كىرسىن چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكەندى. ئايدىڭدا ئاشخانىغا ئۇزۇن بىر سايە چۈشۈپ تۇراتتى. پەتنۇسقا ئۈچ ئەينەك ئىستاكان قويۇلغان بولۇپ، ئىككىسىدە يېرىمدىن سۇس يېشىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق قېپقالغاندى. ئەينەك ئىستاكانغا ھەتتا قايناق سۇ قۇيۇلسىمۇ ئادەمگە سوغۇق بىر سېزىم بېرەتتى، بۇ سوغۇق كۆز كېچىسىدە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئىدىش يېنىدا جىمجىت تۇرغان بۇ سۇيۇقلۇقتا ئادەمنىڭ ئاغزى تەگمەي تۇرۇپلا تېخىمۇ مۇزلاپ كەتكەچكە، ئادەمنىڭ ئىچكۈسى كەلمەيتتى. ئەمما، ھەممە ئىش پەقەت كېيىن مەلۇم بولىدۇ ئەمەسمۇ! تاداۋاخىتى بۇ نەرسىنى ئىچكەندىن كېيىن يۈزلىرى قىزىرىپ، چىقارغان نەپەسلىرىمۇ ئىسسىق بولدى. مەن گەرچە مۇشۇك بولسامۇ، ئۇ نەرسىنى ئىچسەم خۇشال بولماي قالمايمەنغۇ دېيمەن. ئىشقىلىپ مېنىڭ ھاياتىم ھامان بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ ھاياتلىقتا قىلىۋېلىش كېرەك. ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىدە يېتىپ، پۇشايمان قىلىپ: ھەي، بەك ئېپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، دېگەن بىلەن ئۆلگۈرمىدۇ. مەن ئۆزۈمنى:

— قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىچ! — دەپ رىغبەتلەندۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن تىلىمنى كۈچەپ ئىستاكانغا تىقىپ، شالاپ ـ شالاپ قىلىپ بىرنەچچىنى يالىدىم. ھۇ كاساپەت، مېنى بەك قورقۇتتۇۋەتتى، تىلىم خۇددى يىڭنە سانجىلغاندەك بەك ئاغرىپ كەتتى. ئىنسانلارنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق تەلۋىلەرچە قىزغىنلىقى قوزغىلىدىكىن، بۇنداق ئېغىز كۆيدۈرىدىغان ئىچىملىكنى قانداق ئىچىدىكىن؟! بىز مۈشۈكلەر بۇنداق نەرسىنى ئىچەلمەيمىز. مۈشۈكلەر مۇنداق پۇۋا دېگەن نەرسە بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدۇ. مەن تۇنجى سىناپ كۆرۈشتىلا زادىلا چىدىيالماي تىلىمنى دەرھال تارتىۋالدىم. بىراق، مەن يەنە ئويلاپ قالدىم:

«ئىنسانلار ھەمىشە ئاچچىق دورا دەردكە داۋا دەيدۇ ئەمەسمۇ. زۇكام بولۇپ قالغاندا ھەمىشە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ غەلىتە نەرسىلەرنى ئىچىدۇ. مەن بۇرۇندىنلا دورا يېسە كېسەل ساقىيامدىغاندۇ ياكى كېسەل ساقايسىمۇ يەنە ذورىنى يەۋېرەمدىغاندۇ دەپ ئويلايمەن. بۇ ئەڭ ياخشى پۇرسەت، مەن بۇ سوئالىمغا مۇشۇ پىۋىنى ئىچىپ كۆرۈپ بىر جاۋاب تاپاي. ئەگەر پىۋىنى ئىچسەم ئاغزىم ئاچچىق بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، ئەگەر جانابىي مىخىبي ئوخشاش مەست بولۇپ، ھاياجانلىنىپ خۇددى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك بولۇپ كەتسەم، ئۇ چاغدا بۇنى يېقىن ئەتراپتىكى مۈشۈك قېرىنداشلىرىمغا دەپ

بېرىمەن. ھەي، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كىم بىلىدۇ؟ پېشا-نەمدىن كۆرەي.» مەن قەتئىي ئۇنى ئىچىش نىيىتىگە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە تىلىمنى ئىستاكانغا تىقتىم. مەن كۆزۈم ئوچۇق تۇرسا ئىچەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ يېۋىنى ئىچتىم.

مەن چىداپ تۇرۇپ ئاخىر بۇ يېرىم ئىستاكان پە-ۋىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى. باشتا تىلىم ئوتتا كۆيگەندەك بولۇپ كەتتى، ئاغزىمنىڭ ئىچى خۇددى ئىششىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئەمما، يەنە بىرنەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا ياخشى بولۇپ قالدى، بىرىنچى ئىستاكاندىكى پىۋىنى ئىچىپ بولغاندا ئەمدى ئالدىدى-كىدەك قىينىلىپ كەتمىدىم. مەن يەنە ئازراق ئىچسەممۇ ھېچنېمە بولمايدىكەن دەپ ئويلىدىم، شۇڭا ئىككىنچى ئىستاكاندىكى پىۋىنىمۇ ئىچىۋەتتىم. ئاخىردا پەتنۇستىكى تۆكۈلۈپ كەتكەن پىۋا يۇقىنىمۇ پاك پاكىز يالىۋەت-تىم.

ئاندىن ئۆزۈمنىڭ پىۋا ئىچكەندىن كېيىنكى ئەھ-ۋالىمنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ يەردە مىدىرلىماي ئولتۇردۇم. تېنىم ئىسسىشقا باشلىدى، كۆزۈم بىردەم-بىردەم يۇمۇلۇشقا باشلىدى، قۇلىقىمۇ قىزىپ ناخشا ئېيتقۇم، مۇشۇكلەر دىسكوسى ئوينىغۇم كەلدى.

خىيالىمغا: «خوجايىنىم بولامدۇ، باتې، ياسۇنورى

دەمدۇ، ھەممىنىڭ يوقال. ساندائىچى دېگەن قېرى ئەبلەخنى راسا بىر تاتىلىۋالسام، ساندائىچىنىڭ خوتۇنىنىڭ يوغان بۇرنىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالسام» دېگەن ئويلار كەلدى. مەن قىلىشنى ئويلىغان ئىشلار كۆپ ئىدى. ئاخىر مەن دەل-دەڭشىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مۇدۇرۇپ ـ سەنتۈرۈلۈپ بىرقانچە قەدەم ماڭدىم. كۆڭلۈمدە:

«بەك قىزىق بولدى. سىرتلارغا چىقاي. سىرتقا چىقىپ ئايدىڭ تىنچلىق سوراي. ھەقىقەتەن بەك كۆ-ڭۈللۈك بولدى»دەپ ئويلىدىم. مەن شاد ـ خۇراملىق دې-گەن مانا مۇشۇنداق ئىشقۇ دەپ ئويلىدىم. مەن مەقسەت-سىزلا، سەيلە قىلىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە ئۆزۈمگە بوي-سۇنمايۋاتقان قەدەملىرىمنى يۆتكەپ ئالدىغا ماڭدىم. نېمە ئۈچۈنكىن، بەك ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ ئۇخ-لاۋاتقانلىقىمنى ياكى يول مېڭىۋاتقانلىقىمنى بىلمىدىم، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقلۇقىنى بىلمەن، يەنە قاپاقلىرىم ئې-غىرلىشىپ، كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. شۇنداق بولغاندىكىن، بولدى جېنىمنى تىكتىم. پىچاق بىسىدەك تاغ، ئوت دېڭىزى بولسىمۇ قورقمايمەن. مەن ئۆزۈمگە بويسۇنمايۋاتقان پۇتۇمنى ئەمدىلا بىر سوزۇ-شۇمغا، «پولتۇڭ» قىلغان ئاۋاز چىقتى، مەن «مياۋ» دەپ بىر توۋلىدىم ـ دە، ھەي، چاتاق چىقىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم، ئەمما نېمە چاتاق چىقىدىغانلىقىنى ئوي-لاشقا ئۈلگۈرمەيلا كاللام ئېلىشىپ كەتتى.

ئىسىمگە كەلسەم، سۇدا يېتىپتىمەن. قانداق قىلىشنى بىلمەي ھە دەپ تۆت تەرەپكە ئىسىلىپ باقتىم، لېكىن پۇتلىرىم پەقەت سۇدىلا پالاقشىيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاقشىغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم. ئىلاجىسىز ئارقا پۇتلىرىمنى كۆتۈرۈپ، ئالدى پۇتلىرىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇ ئۈزدۈم، بۇنىڭ ھەرھالدا ئازراق ئۈنۈمى بولدى، پۇتلىرىمنىڭ ھەرىكىتى بىلەن سۇ شالاق ـ شالاق ئاۋاز چىقىراتتى، سۇ ئۈزگەنلىكىم ئۈچۈن بېشىممۇ سۇدىن چىقتى. بۇ قېيەردۇ دەپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. ھە، مەن ئەسلىدە ئىدىشتىكى سۇغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. بۇ ئىدىشتا ئەتىيازدا سۇ ئۇتى ئۆسكەنىدى، كۈزدە بۇ سۇ ئوتىنى قاغا يەپ كەتكەن ۋە ئىدىشتا سۇغا چۆمۈلگەنىدى.

سۇ ئىدىشنىڭ گىرۋىكىدىن ئون نەچچە سانتىمېتىر تۆۋەن ئىدى، پۇتۇمنى ھەرقانچە ئۇزاتساممۇ ئىدىشنىڭ گىرۋىكىگە يەتمەيتتى. يۇقىرىغا ھەرقانچە ئىسىلىپ باقساممۇ پايدىسى بولمىدى. ئەگەر مەن دەرھال ھەرىكەت قىلمىسام سۇغا چۆكۈپ كېتەتتىم. مەن ھەرقانچە پىلتىڭلىساممۇ، ئەمما پۇتلىرىم ئىدىشقا تېگىپ ئاۋاز چىقىراتتى. بەزىدە پۇتۇم ئىدىش دىۋارىغا تەگسە مەندە سۇدىن چىقالايدىغاندەك بىر سېزىم پەيدا بولاتتى، ئەمما، يەنە دەرھال سىيرىلىپ سۇغا چۈشۈپ كېتەتتىم. سۇغا چۈشكەندە دىمىقىپ نەپەس ئالالماي قالاتتىم،

شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىدىشنىڭ دىۋارىغا ئېسىلىپ تاتى-لاشقا باشلىدىم. بۇ چاغدا ھېرىپ زادىلا بەرداشلىق بې-رەلمەي قالدىم. ئىچىم تىتىلداپ كەتتى، پۇتلىرىمدىمۇ كۈچ قالمىغانىدى. ئاخىر، سۇغا شۇڭغۇش ئۈچۈن ئىدىش يۈزىنى تاتىلاۋاتىمەنمۇ ياكى ئىدىش يۈزىنى تاتىلاش ئۈ-چۈن سۇغا شۇڭغۇۋاتىمەنمۇ ئۆزۈممۇ ئۇقالماي قالدىم.

بۇ چاغدا، مەن قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالدىم، كۆڭ-لۈمدە: «مەن بۇ ئىدىشتىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بۇنداق ئازابنى تارتىۋاتىمەن. مەن گەرچە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە شۇنچە تەشنا بولۇۋاتساممۇ، ئەمما چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى ئېنىق بىلىمەن. ئالدى پۇتلىرىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر كېلەمدۇ، بەدىنىم سۇ يۈزىگە چىققان تەقدىردىمۇ، سۇ يۈزىدىن ئالدى پۇتلىرىمنى ھەرقانچە كۆچەپ سوزسام‌مۇ تىرناق-لىرىم سۇ يۈزىدىن 15 سانتىمېتىر ئېگىز بولغان ئى-دىش گىرۋىكىگە يەتمەيدۇ. مېنىڭ پۇتلىرىم ئىدىش گىرۋىكىگە يەتمىگەنىكەن، مەن ھەرقانچە سەكرىسەممۇ، تىت-تىت بولسام‌مۇ، يەنە 100 يىل ھەپىلەشسەممۇ بۇ ئىدىشتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس. چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنە چىقىپ كەتمەكچى بولۇش — بۇ قىلغىلى بولماي-دىغان ئىشنى زورىغا قىلغانلىق. مەن قىلغىلى بول-مايدىغان ئىشنى زورىغا قىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق



ئازابى تارتىۋاتىمەن. بۇ ھەقىقەتەن ئەھمىيەتسىز ئىش. ئۆزىگە ئۆزى جاپا سېلىش، ئۆزى بۇ ئازابنى تارتىشقا رازى بولۇش ئەخمەقلىقتە ئۇچىغا چىققانلىق ئەمەسمۇ!» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مەن: «بولدىلا، نېمىلا قىلغان بىلەن پايدىسى يوق. ئەمدى ئىدىشقا يامىشىدىغان ئىشنى دەرھال توختىتاي!» دەپ ئويلىدىم، ــ دە ئالدى پۇتلىرىم، ئارقا پۇتلىرىم، بېشىم، قۇيرۇقۇمنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتىم، قايتا تىركەشمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن سەل راھەتلىنىپ قالدىم. مەن ئازابلىنىش كېرەكلىكى ياكى تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىش كېرەكلىكى، ئۆزۈمنىڭ ئىدىشتا ئىكەنلىكىم ياكى خوجايىنىمنىڭ مېھمانخانىسىدا ئىكەنلىكىمنى زادىلا بىلەلمىدىم. نەدە بولسام، نېمە ئىش بولسا بولۇۋەرمەمدۇ. مەن پەقەت ئۆزۈمنى ناھايىتى راھەت ھېس قىلدىم. ياق، ئاشۇ راھەتنىمۇ ھېس قىلالمىدىم. مەيلى يەر ـ جاھان كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتسىمۇ، ئىشقىلىپ مەن ئالىلقاچان ئاجايىپ تىنچ دۇنياغا كىردىم. مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، ئۆلگەندىلا مۇشۇنداق تىنچلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۆلمىسە مۇنداق خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«مەن مۇشۇك» ناسۇمى سوسېكى ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئۇنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئەسەر. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، تىلى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇ ناتۇرالىزمنىڭ ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، رېئالىزمنى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ناسۇمى سوسېكى رېئالىزملىق ئىجادىيىتىگە ئاساس سالدى.

«مەن مۇشۇك» ناملىق ئەسەرنىڭ سۇژىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن كۇسامى ۋەكىللىكىدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى بىلەن كاپىتالىست ساندائىچى غوجام ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆرۈشى تەسۋىرلەنگەن. ساندائىچى غوجام قىزىنى ياتلىق قىلىش ئۈچۈن كۇسامى ئائىلىسىگە ئەھۋال ئۇقماقچى بولۇپ بارغاندا سوغۇق مۇئامىلىگە ۋە رەت قىلىشقا ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كۇسامىدىن ئۆچ ئالىدۇ. مۇشۇ ئاساسىي لىنىيىنى چۆرىدەپ، روماندا ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن، يەنى مۇشۇكنىڭ نەزىرى ۋە تىلى بىلەن كۆپلىگەن ئاجايىپ قىزىقارلىق، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھېكايىلەر

مەيدانغا چىقىرىلىدۇ. بۇ ھېكايىلەرگە ھەر خىل ئىشلار قىستۇرۇلغان، ئۇلاردا پېرسوناژلار خاراكتېرى روشەن گەۋدىلەندۇرۇلگەن. خۇشاللىق، شادلىق، غەزەپ ۋە تىل ـ ھاقارەت، مازاق قىلىش، ھەجۋى قىلىش ناھايىتى ئەر. كىن ھالدا جارى قىلدۇرۇلغان. ئەمما، ھەجۋى قىلىش. تىن ھېسداشلىق، ھەزىلكەشلىكتىن جىددىيلىك چىد. قىپ تۇرىدۇ، پۈتۈن رومان ناھايىتى جانلىق، دولقۇنىسد. مان قىلىپ يېزىلغان، مەيلى ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق، مەيلى ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتىكى يېڭىلىقى جە. ھەتتىن بولسۇن، ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى رېئالىستىك ئە. سەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەسەردە تاللانغان سورۇنلارنىڭ بىرى بولغان كۇسا. مىنىڭ مېھمانخانىسىغا ھەر خىل پېرسوناژلار توپلاد. غان. ساندائىچى غوجام ۋە ئۇنىڭ ئايالى، كونا مىلىتا. رىستلار، ئەينى زاماندىكى پەيلاسوپلار، ئادەتتىكى شەھەر پۇقرالىرى ۋە ساقچى، رازۋېدكىچىلار ھەممىسى بۇ يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان سىنىپ، تەبد. قىدىكى كىشىلەر بۇ يەرگە كىرىپ ـ چىقىدۇ، بۇ يەردە ئالاقىلەردە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇرەككەپ، چىگىش زىددىيەتلەر شەكىللىنىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن تراگېدىيە، كومېدىيىلەر يۈز بېرىدۇ. بۇ «مېھمانخانا بەئەينى مىڭجى جەمئىيىتىنىڭ بىر كۆزنىكى ئىدى، بۇنىڭدىن مىڭجى جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ ئەسەردە يالغۇز بىرقانچە

زىيالىيلىرىنىڭ تەقدىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە مىڭجى جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن چوڭ مەسىلىلەرمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ ئەسەرنىڭ جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب.

«مەن مۇشۇك» ناملىق ئەسەردە مۇبالىغىچىلىك ئۇسۇلى بىلەن بىر تۈركۈم ئوششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇلار ئاساسلىقى: كۇسامى، باتې، كانگى، توفۇ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كۇسامى مىڭجى جەمئىيىتىدىكى ئىغىر بېسىم ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن غەلىتە «كىچىك شەخس». ئۇ دۈرۈس، تۈز، كەمبەغەللىكتە ياشاشقا رازى بولىدىغان، يامانلىقتىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان، ھوقۇقدارلار، ساختىپەزلەر ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەت دېسە جېنىنى بېرىدىغان چاكىنا شەخسلەردىن قاتتىق يىرگىنىدىغان شەخس. ئۇ كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئەمما ئاق كۆڭۈل، ئادالەت، ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە، رىئاللىقتىن نارازى، ئەمما ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا قۇدرىتى يوق. ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئەخلاقلىق، ئەمما، ئىقتىدارسىز، بىچارە، تەقدىرى پاجىئەلىك بولغان مىڭجى جەمئىيىتىدىكى ئارتۇقچە ئادەم. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۇ توققۇز يىلدىمۇ ئىش ھەققى بىر قېتىم ئۆسمىگەن ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ دوستلىرى

ئىچىدە ساندائىچى غوجامنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تىللايدۇ، ساندائىچى غوجامنىڭ مېھمان بولۇپ كەلمەكچى بولۇپ ئەۋەتكەن ئاتكىرىتكىسىنى ھاجەتخانىغا تاشلاپ، ئۇنىڭغا «مۇددەتسىز قاماق جازاسى» بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ، ئىززەت ـ ھۆرمىتى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان ھامان قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قارشىلىقى چەكلىك، زەئىپ ئىدى. ساندائىچى غوجام ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ، باشقا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قارشى قويغاندا، ئۇ غەزەپلەنگەنلىكىدىن تەلۋىلەرچە كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ بىرەر ھەرىكەت قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما، نەتىجىدە پەقەت كوچىدا ئۆرە تۇرۇپ ھاسىسىنى ھە دەپ پۇلاڭلىتىدۇ، ئاندىن ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمايدۇ، يازغان ماقالىلىرى كۆلكىگە قېلىپ ئۆزىگە سەت بولىدۇ. مۇشۇك: «مۇقەددەس مۇنبەردە ھەتتا كۇسامىدەك مۇشۇنداق يارىماس ئوقۇتقۇچىلارمۇ بولىدىكەن، بۇ مائارىپ ساھەسى ئۈچۈن بىر ھاقارەت!» دەيدۇ. ئۇ فېئودال جاھانگىرلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، ئەمما، ئۆزى فېئودالىزم، كاپىتالىزمنىڭ نۇرغۇن زەھەرلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان. ئىچى تار، شۆھرەتپەرەس، نام ـ شۆھرەت قوغلىشىدىغان، شۇنداقلا يەنە

پاسسىپ، كۆز بوياپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئالغا ئىنتىلىشنى خالىمايدىغان، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش كويىدىلا يۈرىدىغان شەخس. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ ئامىللار ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ. بېكىنمە، بۇرۇقتۇرما ھالەتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى توسۇۋالغان، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ۋە ئەنئەنىۋى قاراش ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى چۇشەپ قويغان، شۇڭا، ئۇ ئوي ـ پىكىردىن تارتىپ ھەرىكىتىگىچە كىشىنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدىغان بىر ئاجىز بەندە بولۇپ قېلىۋەرگەن. ئاپتور ئۇنى تەنقىد قىلىدۇ، ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ پاكلىقىنى ماختاش، ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە ھېسداشلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، ئىقتىدارسىزلىقىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ.

باتې ناھايىتى تالانتلىق ئېستېتىكا ئالىمى. ئۇ كۇسامىغا قارىغاندا پىشقان، ناھايىتى بىلىملىك، مەيلى تۇرمۇش تەجرىبىسى ياكى مەدەنىيەت بىلىمى بولسۇن، ئۇ ھەمراھلىرىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، سۆزمەن، تالانتى تولۇق نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ مول بىلىملىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جەمئىيەتنى تونۇشى ۋە تەنقىدى كۇسامىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك

ۋە تولۇق، ئۇ زامان ئىللەتلىرىنى تېخىمۇ دەل سۆكىدۇ. ئەمما، ئۇ ئامىمىدىن، ئەمەلىي كۈرەشتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرەلمەيدۇ، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ ئۇسۇلىنى تاپالمايدۇ. ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي شارائىتتا، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا، ئۇ چۈشكۈنلىشىپ، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، يو ئېتىپ يالغانچىلىق قىلىدۇ، كۆز بويامچىلىق، رەڭۋازلىق قىلىدۇ، پەس ـ ئارزۇ ھەۋەسلەرگە مەپتۇن بولۇپ كېتىدۇ. دوستلىرى بىلەن بىللە تاماق يەپ قورۇما بۇيرۇتقاندا، كالا گۆشى قوردىقىنى قەستەن «كالا ياڭيۇ، ئات قورداق» دەپ، باشقىلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، خۇددى بۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن سۆز بىلەن ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن جەمئىيەتكە تاقابىل تۇرۇپ مەلۇم قانائەت ھاسىل قىلغاندەك، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. باتې بىلىپ تۇرۇپ قەستەن شۇنداق قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ رېئاللىققا بولغان نارازىلىقى ۋە قەلبىدىكى روھىي ئازابىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ئىنكاسى ئىدى. باتېنىڭ ئوبرازى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مەيلى بىلىم قانچە كۆپ، ئىقتىدارى قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مىڭجى جەمئىيىتىدە ئۇ پەقەت كۆمۈلۈپ قالىدۇ، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ،

بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ.

كانگى ناھايىتى ئىستىبداتلىق مېخانىكا باكالاۋرى، شېئىر يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆز پاكلىقىنى ساقلاپ، بېگىمنىڭ قىزىنى ئېلىشنى رەت قىلىپ، بىر دېھقان قىزىنى خوتۇنلۇققا تاللايدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچى بارلارغا يامىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، بايلارنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، ئۇ كەسپىي تەتقىقاتتا، ھېچقانداق بىر قىممىتى بولمىغان «ئاسما ھالقا دىنامىكىسى» نى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغىنى ساپلا چاكىنا، مەنىسىز، بىمەنە شېئىرلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا بىلىم بار، ئەمما، ئۇنى ئىشلىتىدىغان مەيدان يوق، مۇھىت ئۇنى نابۇت قىلىپ، بىر ئارتۇقچە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

توفۇ ئۆزىنى يېڭىچە شائىر دەپ ئاتايدۇ. ئەمما، ئۇ رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان، بىلىمسىز، ياسالما، سۇنئىي بىر شەخس. ئۇ «مۇھەببەت ۋە سەنئەت»كە چوقۇنىدۇ، بەزى تەتۈر شېئىرلارنى يېزىپمۇ قويىدۇ، ئاشۇ چاكىنا، تېتىقسىز بىرنېمىلەرنى «فۇزى خانقىزنىڭ پەرداز ئۈستىلىگە ھۆرمەت بىلەن قويۇپ قويۇپ»ئۆزىچە بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ ئوبراز مىڭجى

جەمئىيىتىدىكى ئاشۇ بىمەنە ئەدىبلەرنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، يازغۇچى ئۇلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ تەنـ قىد قىلىدۇ.

كۇسامى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇششاق بۇرژۇ ئاـ زىياللىرىنىڭ ئوبرازى مىڭجى جەمئىيىتى پەيدا قىلـ غان، شۇنداقلا يەنە مىڭجى جەمئىيىتى تەربىيىدىن تاشـ لىۋېتىلگەن «ئارتۇقچە ئادەملەر»دۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما، ئۇلار رېئال جەمئىيەتتىن نارازى، ئۇلار رەزىل كۈچلەر بىلەن بىر ئېقىمدا بولغانمايدۇ. ئۇلار ئادالەتسىز ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ھەجۋى قىلىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلارغا پاسسىپ ھالدا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەمگەكچى خەلق ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن ئالاقىسى كەمچىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە زىيالىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئىسلاـ ھات ئېلىپ بېرىشنى، ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىمايدۇ. ئۇلار مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئالدىدا بەزىدە قۇرۇق دەبدەبە قىلىپ قارشىلىشىپ باقىدۇ، ئەمما، ناھايىتى تېزلا يەنە چۈشكۈنلىشىپ ئېقىمغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. مىڭجى جەمئىيىتىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشى ۋە نابۇت قىلىشىنى «مەن مۈشۈك» نامىلىق ئەسەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ روماننىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن ياپونىيە فېئو- دال جاھانگىرلىكىنىڭ ئىچكى- تاشقى سىياسەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ۋە تەنقىد قىلغانلىقىدا ئىپادىلە- نىدۇ.

بۇ رومان ياپونىيە- روسىيە ئۇرۇشىنىڭ ئىككىن- چى يىلى يېزىلغان، ئەينى چاغدا ياپونىيە ھۆكۈمرانلى- رى ئۇرۇش تەشۋىقاتىنى تەلۋىلەرچە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، «ياپون روھى»نىڭ چۇقانلىرى پۈتۈن ياپونىيە ئاراللى- رىنى قاپلىغانىدى. ئوقۇتقۇچى بولغان كۇسامىمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ مودا قوغلىشىدۇ. روماندا ئۇنىڭ ما- قالىسىدە ياپون روھى توغرىسىدا توختالغانلىقى، بۇ- نىڭدىن ناھايىتى پەخىرلەنگەنلىكى يېزىلىدۇ. ئەمما، ئۇ «ياپون روھى» نىڭ زادى نېمىلىكىنى دەپ بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالىدۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق بىرنىمە دېيەلمەي، پەقەت «ئۇ بىر روھ بولغانىكەن، مەڭگۈ تۇتۇق، خىرە بولىدۇ» دەپلا قۇتۇلىدۇ. روماندا يەنە ئۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش «قاراقچىلىق»، «قاتتى- سوقتى قىل- لىش» دەپ ئەيىبلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئۇرۇشقا قارشى مەيدانىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. روماندا ئۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان «ياپون روھى» مەسخىرە قىلىنىدۇ، مازاق قىلىنىدۇ.

سىرتقا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. خەلقنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىرلىشىپ، بيۇروكراتىك دۆلەت ئاپپاراتىنى ئورنىتىپ، دۆلەت ئىچىدە فاشىستىك ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىدۇ. روماندا ساقچى، ئىشپىيونلارنىڭ خەلقنىڭ نورمال تۇرمۇشىنى نازارەت قىلىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ كىشىلىك بىخەتەرلىكى، كىشىلەرنىڭ ئەركىن پىكىرلىرىنى باسىدىغانلىقى قاتارلىق بىرقاتار جىنايى ھەرىكەتلىرى ۋە نومۇسسىز شۇملۇقلىرى پاش قىلىنغان. كۇسامىننىڭ ئاغزى ئارقىلىق پايلاقچىلار «يانچۇقچى، قاراقچىلارغا ئوخشاش نومۇسسىز نەرسىلەر» دەپ تىللىنىدۇ. مىگجى جەمئىيىتى كۆرۈنۈشتە كۈچلۈك، ئەمەلىيەتتە ئاجىز بولۇپ، خەلقنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالغانىدى، ئاپتور گېيپىنى يوشۇرماي ھۆكۈمرانلارنى «ساراڭلار گۇرۇھى» دەپ ئاتايدۇ، مىگجى جەمئىيىتى «چوڭ ساراڭلار پۇل ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، نۇرغۇنلىغان كىچىك ساراڭلارنى خالىغىنىچە ئەسكىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، يەنە تېخى كىشىلەر ئۇلارنى قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ شەخس دەپ چوقۇندى»، «قائىدىنى چۈشەنگەن» كىشىلەر ئەكسىچە «ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولاندى» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن جەمئىيەت ئۈستىدىن

قىلىنغان قاتتىق مەسخىرە ۋە ئۇنى دادىل پاش قىلىش. بۇ ئاپتورنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەسەردە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيىسى ۋە ئەخلاق قارىشى بىلەن مىكجى جەمئىيىتىدىكى پۇل ۋە ھوقۇق ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىۋاتقان ھالەت مەسخىرە قىلىنغان ۋە تەنقىد قىلىنغان.

تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا تايىنىپ باش كۆتۈرگەن ياپونىيە چوڭ بۇرژۇئازىيىسى پۇل ۋە ھوقۇقنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى بىرلىك دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جەمئىيەتتە پۇل ۋە ھوقۇق ھەممە نەرسىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان، پۇل بولسا ھوقۇق بولاتتى، ئەكسىچە، ھوقۇق بولسا تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولاتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مىكجى جەمئىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان. پۇل ۋە ھوقۇق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدە مۇشۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتۇۋاتقاچقا، پۇل ۋە ھوقۇق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رەزىللىكلەرمۇ بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. روماندا كاپىتالىستلارنىڭ «ئۈچ نەرسىدىن ۋاز كېچىش»، يەنى «ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئادەمگەرچىلىك، ئار ـ نومۇستىن ۋاز كېچىش» يولى بىلەن ئىگىلىك ياراتقانلىقى يېزىلغان. روماندا سانداىچى بېگىمنىڭ «كۆيئوغۇل تاللىشى»، پۇل ۋە ھوقۇق كۈرىشى ئاجايىپ چوڭقۇر سۈرەتلەنگەن.

سۆزۈكى كاسۇرا مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، پۇل، ھوقۇققا بولغان ئاچ كۆزلۈكىدىن ساندائىچى بىگىمنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ. «مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ساندائىچى بىگىم كۇسامىدىن ھە دەپ ئۆچ ئالىدۇ.» پۇل، ھوقۇقنىڭ ئىدارە قىلىشى ئاستىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى خۇددى زەھەرلىك بۇستەك قاپلاپ كېتىدۇ، دۆلەت ئاپپاراتى، چوڭ ـ كىچىك بيۇروكراتلار، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىدىيە ھەممىسى پۇل، ھوقۇقنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ.

ئاپتور مۇشۇكىنىڭ تىلى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئادالەتسىز، غەلىتە ئىشلارنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ، «باراۋەرلىك ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان نەرسە بولۇپ قالدى» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ.

ئەسەردە رېئالىستىك تەنقىد روھى بىلەن مىڭجى جەمئىيىتىنىڭ ئىدىيە ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە زىيالىيلار ساھەسىدىكى بۇلۇنۇش ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى داۋالغۇش، تىنچسىزلىق مىڭجى دەۋرىدىكى ئىدىئولوگىيە ساھەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن، ئۇرۇش تەلۋىلىكى، پۇلپەرەسلىك، غەرب ئەلا نەزەرىيىسى، شەرقنىڭ كۆڭزىچىلىقى، بۇددا دىنى قاتارلىقلار بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن

بولۇپ، كىشىلەر زادى نېمە قىلىشنى، زادى قايسىسىغا ئەگىشىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئەزەلدىن كونىلىقنى ساقلاپ كەلگەن ئىلىم ساھەسىمۇ بۇ رېئال قائىدە ـ يو- سۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكى مۇتەئەسسىپلى- كىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوخشاشمىغان تەرەپلەرگە قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. «مەن مۇشۇك» تە ئىدىيىدىكى بۇ قالايمىقانچىلىق ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بى- لەن بىللە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى- مۇ ناھايىتى ئوبيېكتىپ تەسۋىرلەنگەن. بىر تەرەپتىن، روماندا ئەنئەنىۋى شەرق پەلسەپىسىنىڭ ئىلىم ساھە- سىگە بولغان پاسسىپ تەسىرى، يەنى كىشىلەرنى رې- ئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، قارشىلىق كۆرسەتمەس- لىك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن روھىي دۇنيا جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە يېتەكلەيدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ياپونىيە ئەنئەنىۋى قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھەمدە «شەخس ئازادلىقى» ۋە ئىسكىسى بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتپە- رەسلىكىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىپ كەتكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە تەسۋىرلەنگەن، كۇسامى مەنپەئەت- پەرەسلىك پرىنسىپى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، جىددىي ياردەمگە موھتاج بولغان ساۋاقدىشى بىلەن كارى بولمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرى- دىكى شەخسىيەتچىلىكنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«مەن مۇشۇك» ناملىق ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، يېزىش ئۇسلۇبى جەھەتتە بىر خىل شەكىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، دادىللىق بىلەن «مۇشۇك» باش پېرسوناژ قىلىنغان. «مۇشۇك» ئەمەلىيەتتە ئاپتورنىڭ جاكارچىسى. ئۇ ئادەملەر دېيەلمىگەننى دېيەلەيدۇ، ئادەملەر كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيدۇ. ئۇ خۇشال بولىدۇ، كۈلىدۇ، غەزەپلىنىدۇ، تىللايدۇ، زامان ئىللەتلىرىنى سۆكىدۇ. ئەمما، بىرەر قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. «مۇشۇك»نىڭ خاراكتېرى دۇرۇس، تۈز، ئاق كۆڭۈل، ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا باي. ئۇ ھەم مۇشۇك، ھەم ئوي ـ پىكىرگە ئىگە ئادەم، ئۇ سورۇنلارنى ئارىلاپ يۈرگەندە مۇشۇك، ھەق ـ ناھەققە باھا بەرگەندە ئادەم، مۇنداق ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېر روماننى ئادەتتىن تاشقىرى ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرگەن. «مۇشۇك»نى باش پېرسوناژ قىلىش ئاپتورنىڭ رېئاللىققا باھا بېرىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان. «مۇشۇك» «جاھاندا تىنچ يەر يوق ئىكەن» دەپ ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ كاپىتالىزمنىڭ ئادالەتنى بوغۇپ تاشلىغانلىقىغا بىلدۈرگەن قارشىلىق، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ مىگجى جەمئىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىككىنچى، ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە روماندا ۋە-قەلىك سۇژېت تەرەققىياتى بويىچە يېزىلماي، بەلكى ئەركىن، جانلىق بايان بىلەن يېزىلغان. ئەسەردە كىشى-نى ئاجايىپ جەلپ قىلىدىغان ۋەقەلىك سۇژېتلىرى يوق، بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر مۈشۈكنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغان-لىرى ئاساس قىلىنىپ، پېرسوناژلار پائالىيىتى، ئاپ-تورنىڭ ئىدىيىسى پۈتۈن ئەسەرگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن. شيامۇ شۈشى «مەن مۈشۈك» ناملىق رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇ خۇددى دېڭىز ئادەمگىياھىغا ئوخشاش، بېشى، قۇيرۇقى يوق، خالىغان جايدا توختىتىپ ئاخىرلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، دې-گەن. مۇنداق قىلىپقا چۈشمەيدىغان قۇرۇلما گەرچە چۇۋالچاق، تازا مۇكەممەل ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئاپ-تورغا ۋەقەلىك دېتاللىرىنى ئەركىن، جانلىق ئورۇنلاش-تۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىپ، ئەسەرنى ئۆزگىچە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلغان.

ئۈچىنچى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئەسەردە ئۆزگىچە يۇمۇرلۇق ھەجۋىي ئۇسۇل قوللىنىلغان. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىخچام، قىزىقارلىق، پېرسوناژلار، ئوبرازلارنىڭ تىلىدىن تارتىپ ھەرىكىتىگىچە، ھەتتا كەسپىي، ئىدىيىسىگىچە پۈتۈنلەي ھەجۋىي پۇراق سىڭ-دۈرۈلگەن. ئاپتور كۈسامىنىڭ بىلىمسىزلىكى، باتېنىڭ ياسالمىلىقى، كانگىنىڭ «ئاسما ھالقا مېخانىكىسى»غا

قارىتا مەسخىرە قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان. ساندائىچى بېگىم ۋە ئۇنىڭ خانىمىنىڭ چىرايىنىمۇ ھەجۋ قىلىش، مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، ساندائىچى بېگىمنىڭ يۈزىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ «ياپىلاقلىقى كىشىنى شۇبھىلەندۈرۈپ، كىچىك ۋاقتىدا باشقىلار بىلەن ئۇرۇشقاندا تاياق يەپ ياپىلاق قىلىۋېتىلىپ، 40 يىلدىن بېرى ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئىززەتلىك چىرايىمكىن دېگەندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قوياتتى». ساندائىچى بېگىمنىڭ ئايالىنىڭ: «بۇرنى ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولۇپ، خۇددى باشقا بىرىنىڭ بۇرنىنى كېسىپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ يۈزىگە زورمۇزور چاپلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، قاڭشىرى بەكلا تومپىيىپ چىققان بولسىمۇ، بۇرنىنىڭ ئاستى بارغانسېرى پەسىيىپ، پاناق ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى، دەپ تەسۋىرلىگەن. ئاپتور جەمئىيەتتىكى رېئال ھالەتلەرگە بولغان نارازىلىقىنى كۆپىنچە مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، «ياپون روھى»، «قەلبىنىڭ تەربىيىلىنىشى»نى ئۆلارنىڭ كۈلكىلىكلىكى، قانائەتسىزلىكىنى يېزىش ئارقىلىق تەنقىد قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن.

تۆتىنچى، تىل جەھەتتە، ئەسەردە ئاپتورنىڭ شەرق ـ غەرب تىللىرىنى بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇپ ئىشلىتىشتىكى زور ماھارىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئاپتور

ئەسەردە ياپونىيە كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن يۇمۇرلۇق، ھەجۋىي تىللارنى ئىشلەتكەن، شۇنداقلا ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلىدىكى بەزى جۈملىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىپ، روماندا ئۆزگىچە تىل ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن رومان تىلى جانلىق، باي، ئىخچام، روشەن بولۇپلا قالماي، يەنە يۇمۇرلۇق، يوشۇرۇن مەنىلىك ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولغان. خۇددى بىر ئوبزورچى ئېيتقاندەك: ئۇ قىزىقارلىق، ئەمما، چاكىنا ئەمەس، قىزىقچىلىق ئىچىدە قىرتاق بىر تەم بار. دەل مۇشۇنداق ئۆزگىچە ئۇسلۇب ئاساسىي تېمىنى كۈچلۈك، روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى تەسىرلەندۈرگەن.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، سەزگۈر ئوقۇرمەنلەر ئەسەردىن شۇنى كۆرەلەيدۇكى، ناسۇمى سوسېكى تىلنى كونترول قىلىش جەھەتتە تولىمۇ يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «مەن مۇشۇك» ناملىق ئەسەر روشەن، يارقىن ئۇسلۇبقا ئىگە قىلىنغان.

ئەلۋەتتە، بۇ ئەسەر نۇقسانسىز، يۈزدەيۈز مۇكەممەل ئەسەر ئەمەس. ئۇنىڭدا تۈرلۈك - تۈرلۈك پاسسىپ كەيپىياتلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، تېخىمۇ تازا دېگەندەك مىللىيلىققا ئىگە ئەمەس؛ لېكىن، بۇلار ئۇنىڭ رېئاللىقنى تەنقىد قىلىش رولىغا ھەم ئۇنىڭ مىجى دەۋرى ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئورنىغا ھەرگىز تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

«مەن مۈشۈك» 1904 ـ يىلىدىن 1906 ـ يىلىغىچە يېزىلغان. ئەينى چاغدا ياپونىيە مېيجى يىللىرىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئىككى قېتىملىق سىرتقا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى (جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى ۋە ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشى)نىڭ غەلىبىسى بىلەن قولغا كەلگەن كۆپ مىقداردىكى هارام بايلىق ياپونىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى. ساماۋى پادىشاھ ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇرەسسە قىلىشى، بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىشى، پادىشاھلىق هوقۇق بىلەن دۆلەت هوقۇقىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ياپونىيە فېئودالىزمى ۋە كاپىتالىزمىنىڭ قوش هۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. بۇ هاكىمىيەت دۆلەت ئىچىدە خەلقنى ئەزدى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، «ئەركىن خەلق هوقۇقى هەرىكىتى»نى باستۇردى. پومېشچىك، كاپىتالىستلارنىڭ يېنى بارغانسېرى تومپايدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈنى بارغانسېرى نامراتلاشتى. ئەكسىيەتچىل، قالاق دۆلەت مەدەنىيىتى جەۋھەرچىلىكى ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيە ساهەسىنى قاپلاپ كەتكەن، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن بۇددا ئەنئەنىسى، ئىنكارچىلىق هە دەپ

قۇتراتقۇلۇق قىلماقتا ئىدى. ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ
ئۆزگىرىشى ۋە ئىدىيىدىكى قالايمىقانچىلىق جەمئىيەت-
تىكى سىنىپلارنىڭ بۆلۈنۈشىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، زى-
يالىيلار چاك ـ چېكىدىن پارچىلانماقتا ئىدى: بەزىلىرى
ھوقۇق ۋە كۈچكە تايىنىپ تېز يۇقىرى ئۆرلىمەكتە،
بەزىلىرى جاھاندىن نەپرەتلىنىپ جىم بولۇۋېلىشقا باش-
لىغانىدى. تېخىمۇ كۆپ ساندىكىلىرى غەرب مەدەنىيى-
تىنىڭ تەسىرىدە قاتمۇقات زىددىيەتلەر ئىلكىگە چۈ-
شۈپ قېلىپ، غەم ـ قايغۇ ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈشمەكتە
ئىدى. كاللىسى سەگەك زىيالىي بولغان ناسۇمى سو-
سېكى بۇ مۇھىتتا گەرچە تارىخنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى
ۋە ماھىيىتىنى تولۇق كۆرۈپ يېتەلمىسىمۇ، ئەمما، بۇ
جەمئىيەتتىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۇردە
ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيت-
قاندا، ئۇنىڭ بۇ رومانى ئاساسلىقى ئەينى چاغدىكى يا-
پونىيە جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى تەنقىد
قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان. «مەن مۇشۇك» رومانى ئەنە
شۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىدىيە ئارقا كۆرۈ-
نۈشى ئاستىدا ئىجاد قىلىنغان. ئەسەردە نۇرغۇن زىيا-
لىيلار ئوبرازى ئارقىلىق مېگجى دەۋرىدىكى جەمئىيەت-
نىڭ كەڭ كارتىنىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ناسۇمى سوسېكى «مەن مۇشۇك» ناملىق ئەسىرىنى

يېزىۋاتقاندا مۇنداق بىر كەچۈرمىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن: ئۇ ئەسلىدە «مەن مۇشۇك» ناملىق بۇ ئەسەرنى بىرىنچى بابتىكىدەك مۇستەقىل بىر ھېكايە قىلىپ يېزىشنى ئويلىغان. ئەمما، بۇ ئەسەرنى ئېلان قىلغان «كاككۇك» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى تەھرىرلەر بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىغا بەكلا قىزىقىپ قالغان ۋە يازغۇچىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن، شۇ سەۋەبتىن ناسۇمى سوسېكى ئەسەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بابنى يېزىپ چىققان.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بابى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئەسەرنى ھە دەپ ماختىغان، بۇنى ئۆزگىچە يېزىلغان ئەسەر بوپتۇ دەپ قارىغان. مانا مۇشۇنداق ئىلھام ئاستىدا ناسۇمى سوسېكىنىڭ غەيرىتى ۋە خۇشاللىقى ئۇرغۇپ، قەيسەر ئىرادىگە كېلىپ، تاكى 11 ـ بابتا مۇشۇك قاتتىق مەست بولۇپ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنگە قەدەر يازغان.

ئەسلىدە بىرىنچى باپتىلا ئاخىرلاشتۇرۇلماقچى بولغان ئەسەرنىڭ 11 بابقىچە كېڭەيتىپ يېزىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت «مەن مۇشۇك» ناملىق ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئاجايىپ ئەپچىل، جانلىق، ناھايىتى ئەركىن تارقىلىپ ـ كېڭىيەلەيدىغان قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، مۇنداق قۇرۇلما يەككە ھالدىكى بىر

پۈتۈنلۈككە ئىگە سۇژېت ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان رومانغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ئەكسىچە بىرقانچە مۇستەقىل سۇژېتنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ يېزىلغان ئەسەرلەرگە مۇ-ۋاپىق كېلىدۇ. مۇنداق مۇستەقىل سۇژېتلىق قۇرۇلمىدا يازغۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئەڭ تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ، شەيئىلەر توغرىسىدىكى بېشارەت ۋە شەيئىلەرنىڭ تېگى-تەكتىنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. ناسۇمى سوسېكى مانا مۇشۇنداق ئەپچىل، جانلىق، ئەركىن تارد-ىىپ ـ كېڭەيدىغان قۇرۇلما، يەنى ئۆزى ئېيتقاندەك، «دېڭىز ئادەمگىياهى» غا ئوخشايدىغان قۇرۇلمىنى قوللى-نىشقا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، «مەن مۇشۇك» ناملىق ئەسەردە ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى چوڭ-قۇر پاش قىلالىغان، كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر جايلى-رىدىكى زەھەرلىك مىكروبلارنى چوڭقۇر پاش قىلالىغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر بابىنىڭ شۇنچە يۇقىرى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىشى ئاساسلىقى دەل مۇشۇنداق قۇرۇلما قوللى-نىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

كۇسامى: رومانىدىكى باش قەھرىمان، بىر ئوتتۇرا

مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ سەمىمىي، دۇرۇس ئادەم. بەزى تەرەپلىرى ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك، ئەمما، كاللىسى تازا سەگەك ئەمەس، ئەقلى كەم، بەزىدە ھەتتا بەكمۇ كالۋالىق قىلىدۇ.

باتې: يۇقىرى بىلىملىك، خېلىلا ئىستېداتلىق ئادەم. ئەمما، ئۇ تەنتەك، تۇتۇرۇقسىز، ھىجايغاق، پەس ئارزۇ ـ ھەۋەستىكى ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئامراق، بەكلا يالغانچى شەخس.

توفۇ: يېگىچە شېئىر يازىدىغان شائىر، مۇشۇكنىڭ قارىشىچە، ئۇ مەدەنىي تىياتىر غەزىلىنى ئېيتىدىغان بىر غەزەلخان.

كانگى: «ئاسما ھالقا مېخانىكىسى» نى تەتقىق قىلىدىغان مېخانىكا باكالاۋرى، شۇنداقلا ئوپېرا يازغۇچىسى.

ساندائىچى: دەۋرنىڭ ئەركە بالىسى، ئۈچ شىركەتنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، داڭلىق چوڭ كاپىتالىست. ئاپتور ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

سۇزۇكى كاسۇرا: 30 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ناھايىتى سۆلەتۋاز كاپىتالىست بايۋەچچە، ئۇ بىر كاپىتالىست بولۇش ئۈچۈن چوقۇم پۇل ئۈچۈن جان بېرىش ئىرادىسى بولۇش توغرىسىدىكى قائىدىلەرنى بىلىدۇ. ئۈچ نەرسە، يەنى ھەققانىيەت ـ ئادالەت، ئادەمگەرچىلىك، ئار ـ نومۇسنى چۆرۈپ تاشلىغاندىلا باي بولغىلى بولىدىغانلىقىنىڭ

سىرىنى پەششىق بىلىدۇ. ئۇ باشقىلارغا تىز پۇكۇپ، خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىك قىلىدىغان دەللال. مۇشۈكنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى «مەككارلىق» بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاپتورنىڭ سۈزۈكى تىپىدىكى دەللاللارغا بەرگەن ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدىدۇر.

ياسۇنورى: ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، «باشقىلارغا مەستلىكى كېلىپ باقمىغان، مەنسەپ ـ مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان، تەمەدىن خالىي پەيلاسوپ.» ئۇنىڭدا ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، ئۆزىچە كۆرەڭلەش ئىدىيىسى بولۇپ، غەربلىكلەرنىڭ ئاكتىپ ھالدا ئالغا ئىنتىلىشتەك تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى خاتا دەپ قارايدۇ. ئەكسىچە، ياپونلار تۇرمۇشقا نىسبەتەن بىر خىل، تىنچ، خاتىرجەم ياشاشتەك پوزىتسىيە تۇتىدۇ، ئۇلار ئۆزىدىن تاشقىرىقى شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلماي، قانائەتچانلىق بىلەن ياشايدۇ دەپ قارايدۇ. ياسۇنورى قارىشىچە، ئەتراپتىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەنلىك ئىدى.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

ناسۇمى سوسېكى «تۈنجى ئەسىرىم توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن:

«مەن ياپونىيىگە قايتىپ كەلسەم، ماسائوكا كوتادا-شى (ناسۇمى سوسېكىنىڭ يېقىن دوستى، قىسقا شې-ئىرلار ئىسلاھاتىنى تەشەببۇس قىلغان كىشى) ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ژۇرنال مۇھەررىرى كىيۇشى مېنىڭ بىر-نەرسە يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئالدى بىلەن «مەن مۈشۈك» نى يازدىم. ئەمما، كى-يۇشى ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ يېتەرلىك بولماپتۇ، دېدى. ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىسام، مۇنداق-مۇنداق يېزىڭ، دېدى. ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ھازىر ئۇن-تۇپ كەتتىم، ئەمما، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ پىكرى ھەق-قەتەن ئورۇنلۇق ئىكەن دەپ ھېس قىلغانىدىم، شۇڭا، ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئۆزگەرتتىم.»

«مەن ئۆزگەرتىپ چىققاندىن كېيىن، كىيۇشى بۇنى بەكلا ماختىدى ھەم ئۇنى ئۆزىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى، ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇنى ئەسلى بىر بابلا قىلىپ يازماقچى ئىدىم. ئەمما، كىيۇشى مەزمۇنى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، داۋاملاشتۇرۇپ يېزىڭ، دېدى. شۇنىڭ بى-لەن مەن داۋاملاشتۇرۇپ نەچچە باب يازدىم، ئاخىر ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇزۇن ئەسەر بولۇپ چىقتى. دېمەك، مەن پەقەت تاسادىپىي ھالدىلا ئاشۇنداق ئەسەرنى يازغان، ئۇ چاغدا ھەرگىز ئۇنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان. پەقەت شۇنداق يېزىپ باقاي دېپلا يازغان، يەنى ئاشۇنداق بىر پۇرسەتكە دۇچ كېلىپ

قالغان ئىكەنمەن. ئەمما، ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغاندا ۋە ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى يېزىۋاتقاندىكى ئوي ـ خىياللىرىم بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەدەبىي ئۇسلۇبتىمۇ باشقىلارنى دوراش، تەقلىد قىلىشنى ئويلىمىغان، پەقەت شۇنداق يېزىپ كۆرۈپ باقاي دەپلا ئويلىغان.»

بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئەمما، ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغاندا ۋە ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى يېزىۋاتقاندىكى ئوي ـ خىياللىرىم بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى» دېگەن سۆزلەر بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىز رومانىنى ئۇنىڭ باب تەرتىپى بويىچە ئوقۇساق، ناسۇمى سوسېكى پوزىتسىيىسىدە ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش بولغانلىقى، تەرەققىيات بولغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇ دەسلەپ بۇ ئەسەرنى ناھايىتى زور قىزغىنلىق، خۇشاللىق بىلەن يازغان، ئۇ بۇ دۇنيادىن بىزار بولغان، بۇ دۇنيانىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان. ئەمما، ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ يازغانسېرى بۇ دۇنيانى ئۇچۇقداپ قويۇش كېرەكلىكىنى، بۇ دۇنيانى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان. ئەمما، يەنە بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ يوقلۇقىنى تونۇپ يەتكەن. ناسۇمى سوسېكى پوزىتسىيىسىنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، رومانىدىكى ھېسسىياتمۇ بارغانسېرى غەمكىن بولۇشقا، ئۈمىدسىزلىككە قاراپ ماڭىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «مەن مۇشۇك» ناملىق ئەسەر بەدىئىي شەكىل جەھەتتە ئىككى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچى، ئەسەردە مۇشۇكنىڭ نەزىرى بىلەن دۇنيا كۆزىتىلگەن، ۋەقەلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.

«مەن بىر مۇشۇك، ھازىرغىچە تېخى ئىسمىم يوق.» رومان ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ. بۇ مۇشۇك تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي تاكى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگۈچە باش قەھرىمان كۇسامىنىڭ ئۆيىدە ئىككى يىل ھايات كەچۈرىدۇ. روماندىكى ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ مۇشۇكنىڭ كۆرگەنلىرى ۋە ئاڭلىغانلىرىدۇر.

ئىككىنچى، ئۇنىڭدا باشقا ئەسەرلەردىكىدەك ھېكايە ۋەقەلىكى يوق. ئاپتور ئۆزىمۇ: بۇ ئەسەردە سۇژىتمۇ، قۇرۇلمىمۇ يوق. ئۇ خۇددى دېڭىز ئادەمگىياھىغا ئوخشاشلا بېشىمۇ، قۇيرۇقىمۇ يوق.

ئەلۋەتتە، مۇشۇكنىڭ نەزىرى بىلەن ئادەمنى يېزىشنىڭ قانداقتۇر بىر يېڭىلىق بولۇشى ناتايىن، ئەسەردە سۇژىتنىڭ بولماسلىقىمۇ بىرەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بولۇشى ناتايىن. ئەمما، ئەينى چاغدىكى ياپون ئەدىبلىرىنىڭ نەزىرى ناھايىتى تار بولۇپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلار پەقەت تۆۋەن تەبىقىدىكى شەھەر خەلقى، خۇددى يازىدىغان باشقا بىرەر ئىش يوقتەك ئەسەر تېمىسىمۇ ئەر - ئاياللار مۇھەببىتى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى

زىددىيەتلەرلا بولغان. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، يېڭى بىر شەكىل بىلەن ئادەتتىكى مۇھەببەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن ھالقىپ، شەخسىيەتچىلىك ۋە شەخسىي مەنپەئەت بىلەن تولۇپ كەتكەن جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى ئاچچىق ھەجۋىيلەر بىلەن مەسخىرە قىلىش، يېپيېڭى بىر ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈپ ئوقۇرمەنلەرنى قاتتىق خۇشاللاندۇرغان. ئەمەلىيەتتە، مۇنداق مەسخىرە قىلىش ۋە ھەجۋى قىلىش ئەينى چاغدىلا ئەمەس، بەلكى ياپونىيىنىڭ پۈتكۈل يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ كۆپ كۆرۈلمىگەن. بەزى ئالىملار پەقەت كېيىنچە مەيدانغا چىققان يوشىدا تاكىزوننىڭ «سۇ يولۋىسى» ناملىق ئەسىرىلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدۇ، ئەمما سۇ يولۋىسى ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ «مەن مۇشۈك» ناملىق ئەسەرنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان دەپ قارايدۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY1MDIuemlw",
"filename_decoded": "40326502.zip",
"filesize": 11127720,
"md5": "3fee88ad448f106447b0b33bad726acf",
"header_md5": "d08c20f5b0cf5f4f55ae063ddbc1fa6a",
"sha1": "7d19411d2278aaa50aaa2cf41aeae687975bf0f8",
"sha256": "c4b85e14f42c4fb589601c0f9ada6faac6718191f3b2f333d4de862eda3f1f5d",
"crc32": 2585297138,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 11404286,
"pdg_dir_name": "\u256c\u2565\u2569\u255f\u251c\u00bf \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326502",
"pdg_main_pages_found": 198,
"pdg_main_pages_max": 198,
"total_pages": 209,
"total_pixels": 563271040,
"pdf_generation_missing_pages": false
}